# ئىلى دەرياسى

伊犁河 ILI RIVER или деряси



3

2015

ISSN 1005-8710

www.uyghurkitap.com

# «خەيرىيە»نىڭ خەيرلىك ئىزلىرى













سۈرەتلەرنى قورغاس ناھىيەلىك «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتى تەمىنلىگەن

مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە

يازغۇچى، ژۇرنالىست سىدىق تۇرسۇن سادىروف

تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان فوتوسى



# ئىلى دەرياسى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

2015 - يىل 3 - سان

(36 - يىل نەشرى، ئومۇمىي 205 - سان)

# ئىلى دەرياسى

3

2015


## بۇ سانىدا

### نەسرىي ئەسەرلەر


سىرلىق ناخشىچى(پوۋېست)................سىدىق تۇرسۇن سادىروف (04)

ئاخىرقى سۇۋادان(ھېكايە).....................ئابدۇقادىر يۇسۇپ (42)


### شېئىرلار


خىيال كىردى خىياللىرىمغا..........................تۇرانبۇ ئەلى (25)

ھىدىڭدىكى چوغ..................ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران (28)

ئەھدە يۇلتۇزلىرى....................شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ (30)

يىرتىلغان ياغلىق............................مىركايىل نۇرالىم (31)

كۆتتۇم سېنى لەۋلىرىمنىڭ بوسۇغىسىدا......گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان (33)

قىرىق بىر يالغان..........................مۇنەۋۋەر مۇختار (35)

ئىككى شېئىر..............................ئىمىنجان مۇھىم (38)

شېئىرلار.....................................تاھىر هامۇت (39)


### مەشئەل


قۇشنىڭ خىسلىتى، يېتىمنىڭ نۇسرىتى..........گۈلبانۇم ئابابەكرى (58)



ئادرېس: غۇلجا شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 72 - نومۇر

تېلېفون نومۇرى: 0999-8021205





باش مۇھەررىر:

شاكىرجان ئېلاجى

主编: 夏克尔江. 依拉吉

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ئەسئەت ئابدۇرېشىت

副主编: 艾赛提. 阿布都热西提

تەھرىر ھەيئەتلەر:

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

ئەسئەت ئابدۇرېشىت

ئەكبەر قادىر

پەرھات رېشىت

تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن

دولقۇن روزى

شاكىرجان ئېلاجى

غەيرەت ئاسىم

قېيۇم سوپى

مۇھەممەتجان راشىدىن

گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى:

بۈزۈھرە ئېركىن (تەكلىپلىك)

# ILI RIVER

iliderYasi@163.com

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ
«ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
«ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى
«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
ISSN1005-8710
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
CN65-1057/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-75
پوچتا نومۇرى: 835000
پارچە سېتىلىش باھاسى: 8.00 يۈەن

刊名：《伊犁河》
主管：伊犁哈萨克自治州文联
编辑《伊犁河》杂志维文编辑部
出版：《伊犁河》杂志社
印刷：伊犁日报印刷厂
发行：伊犁州邮政局
订购：各地邮政局
国际标准连续出版物号：
ISSN1005-8710
国内统一连续出版物号：
CN65-1057/1
**邮发代号：58-75**
**邮政编号：835000**
**单价：8.00元**

## چوغلۇق

شاماللار تىلسىمى..........ئەدھەم ئىبراھىم (65)
كونا شەھەرنىڭ يېڭى شائىرى..........ئەراپات ئابدۇرۇسۇل (69)

## تەرجىمە كۆزنىكى

چەت ئەل مىكرو ھېكايىلىرى.......... (54)

## تارىختىن سۆز

مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ فرونتىدا..........غالىب بارات ئەرك (72)
بىر پارچە تارىخىي سۇرەت ھەققىدىكى قاراشلىرىم.ئابدۇۋەلى مۇقىيت (96)

نۆۋەتچى مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم
كوررېكتور ۋە بەتچىك: بۈزۆھرە ئىركىن (تەكلىپلىك)
خەتتات: ئىسكەندەر ئىسمائىل ئىلچىن

地址：伊宁市解放南路72号
电话：0999-8021205




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بەكرى بايۋەچچىنىڭ بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ چايغا بۇگۈنمۇ نودەر يەنە داخىل بولۇپ قالدى. خۇددى مەگسۇر شاگىيۇنىڭ بېغىدا شىربەگ تەلەپ قىلغىنىدەك، ئۇنۇگۇن شىربەگنىڭ بېغىدىكى سورۇننىڭ ئاخىرىدا بەكرى بايۋەچچە ئورنىدىن قول قوشتۇرۇپ تۇرغىنىچە، يىگىت بېشى مەگسۇر شاگىيۇغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— يىگىت بېشى ئىجازەت قىلسا مەشرەپ ئەھلىگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دېۋىدى، قائىدە بويىچە يىگىت بېشى:

— ئىجازەت! — دېدى.

— مەن ھەم مەشرەپ ئەھلى — ئوتتۇز ئوغۇل قاتارى بېغىمدا چاي بەرسەم...

— مېنىڭمۇ ئەل قاتارى داستىخان سالغۇچىلىكىم بار، — دېدى قاسىم توك گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، — خەققە داڭلىغۇدەك بېغىم بولمىسىمۇ، ئەتكى چايىنى مەن زايىمكىدا[21] بەرسەم...

— مەنچۇ مەن! مەن بېرەلمەمدىكەنمەن؟ — دېدى قىزىپ قالغان ھاشىم زەگا ئورنىدىن تۇرغىنىچە مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

— مەن بېرىمەن...

— مەن بېرىمەن...

مەشرەپكە كەلگەن ئەل ـ ئاغىنىلەر بىر ـ بىرىدىن قىزغىنلىشىپ ئەتكى چايىنى تالاشقىلى تۇرۇۋىدى، ئارقا ـ ئارقىدىن بولۇۋاتقان بۇ سورۇنلارنىڭ قاتارى چايغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقىنىدىن ئارامسىزلىنىپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالغان تېيىپبەگ، بۇ چاي بېرىشنى تالاشمىغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن:

— ئەسلى بۇ چايىنى نۆۋەتتى بويىچە مەن ئالسام بولاتتى... بىراق، بۇرادىرىمىز بەكرى بايۋەچچىنىڭ كۆڭلىنى قىيالمايمەن... شۇڭا بۇگۈن ئالدى بىلەن بەكرى بايۋەچچە لەۋزى قىلغانىكەن، ئۇنىڭ لەۋزىنى يەردە قويماي ئەتكى چايىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنسەك، — دېدى.

يىگىت بېشى سورۇندىكى بۇ قىزغىنلىق بىلەن بولۇۋاتقان تالىشىشنى بېسىپ، قازى بېگى نىزامبايغا مۇراجىئەت قىلدى:

— قېنى بۇ ئىشقا قازى بېگىم نېمە دەيدىكىن؟...

— ھە، بۇمۇ راسا بىر كەلگەن يېرى... بۇ ئۆمەر بىلەن ئىنىمىز نودەرگە مەشرىپىمىزدىكى ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلى. دېمەك كۆڭۈل بولغان ئىكەن ئۇنى قانائەتلەندۈرمىسەك بولمايدۇ... ئەمدى گەپ... ئالدى بىلەن بۇ سورۇندىكى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ كۆڭلىگە، قېنى، ئۆمەر قانداق قارايدىكىن؟...

— مەن ئۆمەر ژۇمۇق، — دېدى ئۆمەر كۈلگىنىچە

قازى بېگىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەچ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان سورۇندىكىلەرگە قارىغىنچە قولىنى كۆكسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ،–مەن ئۆمەر ئەزەلدىن ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كەلگەنمەن. ئۇلارنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم چىدىمايدۇ... شۇ بۇ كۈنلەردە قازى بېگىم قاياققا جۆر دېسە، شۇ ياققا كېتىۋاتىمەن. ئەمدى نېمە دەيتتىم، ھېلىھەم شۇ...

–ھەببەللى! بۇ جايىدا گەپ بولدى،–دېدى قازى بېگىم قانائەت ھاسىل قىلىپ،–ئەمىسە مۇنداق بولسۇن. ئەتىكى چاينى بەكرى بايۋەچچىگە بەردۇق. كېيىنكى سورۇنلارنى يىگىت بېشى، كۆل بېشىلار رېتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرسۇن...

مانا شۇنىڭ بىلەن نودەر بۇ چايغا داخىل بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ ئۆزى بۇ چايلاردا بولغان بىلەن كۆڭلى ھامان مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە ئەھدىلەشكەن، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن گۈزەل جانانى مۇتەببەدە ئىدى...

–«بىراق، بۇ ئۆمەركام نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟... ئۇنىڭ مېنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە بىرگە بۇ مەشرەپكە ئېلىپ كېلىشىدە بىر مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىنى، تېيىپبەگ بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى بولغانلىقىنى كېلىپلا بىلگەنىدىم. ئۇنىمۇ كۆردۈم. تېيىپبەگ مېنى بىرىنچى كۆرۈشىدىلا – ئۆمەركام ئىسمىمنى ئاتاپ تونۇشتۇرغاندىلا مېنىڭ كىملىكىمنى بىلدى. بەلكىم مەن بۇ سورۇنغا كېلىشتىن بۇرۇنلا مېنىڭ – مۇتەببەنىڭ ھەققىي توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىمنى بىرلىرىدىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۆمەركام ئىسمىمنى ئاتاپ تونۇشتۇرغاندىلا كۆڭلىدە بىر ئىشنى قىياس قىلغاندەك بولۇپ چىرايى ئۆڭدى. باشقىلارغا بىلىندۈرمىگەندەك قىلغىنى بىلەن (ئۇنى شۇ چاغدا باشقىلارنىڭ بايقاپ قېلىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى) مەن ئۇنىڭغا ئوبدان زەن سېلىپ، ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، كۆزىتىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئېنىق كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭدى. ھەم شۇ دەقىقىدىن باشلاپلا، گۇمان، رەشىك بىلەن ماڭا خىرىس قىلىشقا باشلىغانلىقىنى سېزىپ تۇردۇم. يەنە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ناۋادا ئۆمەركامىسىز بۇ سورۇنغا كىرىپ قالغان بولسام ئالىلىقاچان ئۇ قول - چوماقلىرى ئارقىلىق كۆتۈمگە تەپكەن بولار ئىدى. بىراق شۇ ئۆمەركام بولغانلىقى ئۈچۈنلا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، مەشرەپتىكىلەرگە سەزدۈرمەي ئولتۇرۇۋاتىدۇ... بىچارە مۇتەببەم ئۇنىڭ بىلەن قانداقلارچە بىرگە ئۆتۈۋاتقاندۇ؟... يا ئۇنىڭ بايلىقىغا قىزىقىپ قالغانمىدۇ؟... يا ياق توختا!...مەن ئۇنىڭغا بۇنداق نومۇسسىزلارچە قارا چاپلىسام بولمايدۇ. ئاخىر مەن دېگەن ئۆلۈپ بولغان ئادەم تۇرسام، ئۇنىڭغا مەن يەنە بىر ئۆمۈر يالغۇز ئۆتۈپ كېتىشنى راۋا كۆرسەم، بۇ ئادىللىق بولمايدۇ. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئۈچ يىل قارىلىق تۇتۇپ ئولتۇرغىنى ماڭا بولغان ئەقىدىسى بولماي نېمە؟... يا ياق، مېنىڭ مۇتەببەم بايلىققا قىزىقمايدۇ. ئۇ ئۇنداقلاردىن ئەمەس. مەن ئۇنى بىلىمەن، ئۇ مېنىڭ تېخىچە – يەنىلا ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلسە، ئۇنىڭغا ئالتۇندىن قەسىر سېلىپ بەرسىمۇ، ئۇ يەردە مىنۇت تۇرالمايدۇ... ئۆمەركام مۇشۇنى – تېيىپبەگنىڭ ئۆز ئاغزى ئارقىلىق مۇتەببەگە يەتكۈزۈشنى كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟!... تېخى تونۇگۈنلا ئۆمەركامغا: «ئۆمەركا، بۇ بايۋەچچىلەرنىڭ داستىخىنىغا قاراپ قاچانغىچە يۈرىمىز؟ مۇتەببە بىلەن چاپسانراق كۆرۈشىدىغانىنىڭ بىر ئامالىنى قىلساق بولاتتى؟»–دېسەم ئۇ: ‹ئالدىرىما!... ئۇلار مېنى دەپ ئەمەس، بىلسەڭ سېنىڭ ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئېيتالايدىغان، مەردانە ناخشاڭنى دەپ چاقىرىۋاتىدۇ. شۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بولمىسا يەنە بىرسىنىڭ خوتۇنلىرىدىن مۇتەببە سېنى ئاڭلايدۇ. سەن مۇتەببەنى دەپ ئۆلۈملەرنى داغدا قالدۇرۇپ، ئۆلۈمنى يېڭىپ كەلگەن ئەمەسمىدىڭ؟!... ئەگەر مۇتەببە سېنى ئۇنتۇمىغان بولسا، يەنىلا سېنى چىن كۆڭلى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزى چوقۇم سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ... ئۇنىدىن كېيىنكى شەرىئەتنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا قويۇپ بەر. ئىككىڭلارغا مانا مەن ئۆمەر ژۇمۇق ئىگە...› دېدى»،–دېگەن خىياللار ئىچىدە نودەرنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى.

ئۇ يەنىلا ھەر قېتىمقىدەك تۆردە – يېنىدا ئولتۇرغان ئۆمەر ژۇمۇققا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويدى ـ دە، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

نودەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى، ئەل ـ ئىچىدە ئابرويى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نودەرنىڭ دادىسى سونۇر بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. ئۆمەر ژۇمۇق يىگىتلىكتە قەدەم قويغاندىن باشلاپلا ناھەقچىلىكتە ئۆچرىغانلارنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىدىغان، زومىگەر بولۇۋېلىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغانلارنىڭ، بولۇپمۇ غۇلجىنىڭ كوچىلىرىدا ھۇررەكلىك، ئۇششۇقلۇق قىلىپ، كۆپ ـ كۈندۈزدە خەلقنى بۇلاپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان ھېكىم يايىنىڭ چېرىكلىرىنىڭ خوپ ئەدىپىنى بېرىدىغان گاڭگۇڭ يىگىت ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئىلى تەۋەسىدە ھەر شەكىلدىكى نوچىلار بولسىمۇ، ئۆمەر ژۇمۇق ئۇلارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. شۇڭا شەھەرلىكلەر ئەمەس، سەھرادىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ كېلىپ، ئۇنى باشپاناھ بىلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدا ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈۋالاتتى. بۇغدايلار راسا سۈغا تەشنا بولۇپ، سۇسىراپ تۇرغاندا تۇغقانلىرى يېزىسىغا ئېلىپ كېتىپ، ئېچىق بېشىدا ئۇنىڭغا سورۇن قۇرۇپ بېرەتتى. ئۇنداق بولغىنى يېزىنىڭ شاگىيۇسى سۇنى ئالدى بىلەن ئۆزى ھەم ئۇرۇق ـ جەمەتى قويۇۋېلىشى ئۈچۈن ئېچىق بېشىغا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى قويۇپ ئىگىلىۋالاتتى. دېھقانغا نۆۋەت تەگكىچە سۇسىراپ كەتكەن ئېتىزلىقى سۇسىزلىقتىن قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالاتتى.

ئۆمەر ژۇمۇق يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئېتىزلىقلىرىنى تامامەن سۇغۇرۇپ بولغىچە، ئېچىق بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سورۇندا نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ، كېچىلەرنى ئاپپاق تاڭلارغا ئۇلاتتى.

نودەرنىڭ **17** ـ **18** ياش چاغلىرىدا ھەغدا بولغان بىر ئىش ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا، شۇ قېتىمقى سورۇنغا نودەرمۇ بارغان ئىدى. شاگىيۇنىڭ ئېتىزىغا چىقىۋاتقان سۇنىڭ توختاپ قېلىشى بىلەن شاگىيۇنىڭ ئادەملىرى ئاتلىق قىيقاس ـ چۇقان بىلەن بوراندەك گۈركىرەپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار ئۆمەر ژۇمۇقنى كۆرۈشكەندىن كېيىن، جۇدۇندا قالغان مۈشۈكتەك شۈمشىيىشىپ ئۇنىڭغا يىراقتىنلا سالام بېرىشتى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!...

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!... ھوي ـ ھوي، مانى قاراڭلار، ئەللىك بېشى سورۇنىمىزغا مۇبارەك قەدەملىرىنى تەشرىپ قىلىپ قاپتىغۇ؟!ــ ئۆمەر ژۇمۇق خۇپسەنلىك بىلەن ئەللىك بېشىغا قاراپ كۈلگىنىچە سورۇندىكىلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

ــ قېنى ئەللىك بېشىغا تۆردىن ئورۇن بېرىڭلار، ــ دېدى.

ــ يا... يا... خوش، رەھمەت... ئەمدى بىز شۇ... بۇ ياقتا ئۆتۈپ باقايلى دەپ...

ــ ھە، بۇ ياقتا بىرەر ئىشىڭلار بارمىدى!؟...

ــ يا، ئەمدى بىز شۇ... ئۆزىمىزچە بىر ئايلىنىپ كېلەيلى دەپ...، ــ ئەللىك بېشى باشلاپ كەلگەن ئادەملىرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ سۆزىنى تۈگەللىدى، ــ شاگىيۇكام كۆرۈپ كېلىڭلار دېۋىدى...

ــ ھە، مۇنداق دە... شۇ... ئارقاڭدىكى «قۇيرۇقچى» لىرىڭغا قارىغاندا شاگىيۇرۇڭ بىر ئىشقا جورۇغاندەك قىلىدۇ؟!...

سورۇندا باياتىن بېرى قىنىغا پاتماي ئاران ئولتۇرۇشقان چاقچاقچىلارغا ئۆمەر ژۇمۇقنىڭ «قۇيرۇقچى» دېگەن سۆزى يېڭى بىر چاقچاقنىڭ باشلىنىشىغا تۈتۈرۈق بولۇپ بەردى:

ــ بايامقى چاڭ ـ توزانغا قاراپ، ــ دېدى بىرىنچى بولۇپ گەپ باشلىغان چاقچاقچى يول تەرەپنى كۆرسىتىپ، ــ قۇيۇن چىققان ئوخشايدۇ دېسەم، ئەسلى ئەللىك بېشىنىڭ قۇيرۇقچىلىرى بىلەن كۆتۈرگەن توپا ـ چاڭكەندە...

ــ شاگىيۇ جورىغان ئىشقا، ــ دېدى ئىككىنچى چاقچاقچى، ــ قۇيۇن تازدەك ئۈچمىسا قانداق ئەللىك بېشى بولىدۇ ئۇ؟...

ــ ئەللىك بېشى قۇيرۇقنى كۆتۈرۈۋالسا، ــ دېدى ئۈچىنچى بىرى، ــ قۇيۇن دەيسەنغۇ، بوران چىقىرىۋېتىدۇ بوران!...

ــ بۇ ياقتا ئەللىك بېشىنىڭ قۇيرۇقنى، ــ دېدى يەنە بىرى، ــ قۇيرۇقنى قۇم باسقىنىنى ئۇقماي، ئۇ ياقتا شاگىيۇ جىلى بولۇپ قۇيرۇقنى تالاپ كېتىۋاتىدۇ دەڭلار...

ــ شاگىيۇمۇ تايىنلىق، ئۆمەرنىڭ ھىدىنى ئالسا، قۇيرۇقنى قىسىلچىقىغا قىسىۋالىدۇ دەڭلار...

ــ ئەنە كۆردۈڭلارمۇ، ئەللىك بېشىمۇ قۇيرۇقنى شىپاڭشىتىۋاتىدۇ...

ــ قۇيرۇقنى شىپاڭلىتىدۇ، شىپاڭلىتمايزە... ئېچىق بېشىدا ئەركەك بۆرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە...

ــ قۇيرۇقنى شىپاڭلاتقىنى، تەرىتى بوشاپ كەتكىنى...

ــ تەرىتى بوشاپ كەتسە، ئەمەسلا بىرنېمە چىقىرىپ قويىدۇ دەڭلا...

ــ ۋاي ئۇنىمۇ تەپمە ھالال قىلىۋېلىپ، شاگىيۇغا ئاپىرىپ بېرىدۇ ئۇ...

ــ بولدى ئەمدى، ئەللىك بېشىنىڭ كۈرۈكى يېشىلىپ كەتتى، ــ دېدى بىرى تېلىقىپ كۈلۈپ، ــ ئەمدى ئۇ قۇيرۇقنى تىكىۋېتىدۇ...

ــ ھەي، ھەي بولدى قىلىڭلار! ــ دەپ قولىنى كۆتۈردى ئۆمەر ژۇمۇق چاقچاقلار سىرى كۆتۈرۈلىۋاتقان كۈلكىلەردىن ئاران ئۆزىنى توختىتىپ، ئەتراپتىكىلەر بولسا تېخىچىلا قىيقاس سېلىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى.

ئۆمەر ژۇمۇقنىڭ بىردىنلا چىرايى تامدەك تاتىرىپ ئەلپازى بوشاپ كەتكەن ئەللىك بېشىغا قاراپ ئىچى ئاغرىدى بولغاي:

ــ ھەي بۇ غۇلجا باللىرى ـ زە... سېنى يېقىن كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ قويىدى جۇمۇ ئەللىك بېشى!؟... رەنجىمىگەنسەن!؟...

ــ نېمە دېگىنىڭ بۇ!؟ ــ دېدى باشقىدىنلا يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈگەن ئەللىك بېشى، ــ بىزمۇ سورۇن كۆرگەن ئادەمنىڭ باللىرى بىز. بۇنچىكى چاقچاقلارغا بىرنېمە بولۇپ قالساق، ئىلىخودا جان باقىلى بولامدۇ!؟...

ــ ھەببەللى! ــ دەۋەتتى ئۆمەر ژۇمۇقمۇ ئۇنى كۆتۈرگەندەك قىلىپ، ــ بىر ھېسابتا ساڭمۇ مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق دېگىنە... ھە، بوپتۇ. شاگىيۇرۇڭغا ئېيتىپ قوي، ئۆمەر ژۇمۇق ئېچىق بېشىدا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن قايتىدىكەن، شاگىيۇنىڭ ئىچى پۇشقان بولسا قورۇنماستىن كېلىپ سورۇنىمىزنى تاماشا قىلىپ كەتسۇن...

ئەللىك بېشى بېشىنى ئېگىپ قول باغلىغىنىچە ئارقىچە مېڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سورۇندىكىلەر تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتكەندى...

ئەمدى ئۆمەر ژۇمۇقنىڭ داڭقىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتكەن يەنە بىر ۋەقەنى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دادىسى سونۇر مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەندى:

ــ ئۆمەرنىڭ گاڭگۇڭلۇقى بىلەن تونۇلۇپ كېلىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئورۇسلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن ئۇ قاتتىن ــ يەركەت، چېلەكلەردە نوچىلىقى بىلەن تونۇلغان ساتتاربەگ دېگەن نوچى بىزنىڭ غۇلجىغا تۇغقان يوقلاش باھانىسى بىلەن كېلىپ قالىدۇ. غۇلجىنىڭ گاڭگۇڭى ئۆمەر بولغاندىكىن، ساتتاربەگنى غۇلجىنىڭ داڭدار ئاشپۇزۇلى بولغان «كۆتەمە ئاشپۇزۇل» دا بىر گەنزە مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالىدۇ. شۇنداق قىلسا ساتتاربەگ نوچى يېنىدىكى ئادەملىرىگە: «مەن ئۆمەرنىڭ تۆت تەڭگە پۇلىنى خەجلىگىنىگە مېھمان بولۇپ كەلگىنىم يوق، ئاڭلىسام ئۆمەر غۇلجىنىڭ نوچىسىكەن. ئۇ راست نوچىمۇ، يالغانمۇ شۇنى بىلگىلى كەلدىم. راست نوچى بولسا مېنىڭ بىلەن بىر ئېتىشىپ باقسۇن» دەيدۇ. ساتتاربەگنىڭ خەۋەرچىلىرىدىن بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر: «ساتتاركام ئاكام ئورنىدىكى ئادەم. روزى ـ رامزاندا خەلقئالەم ئالدىدا ئۇرۇشۇپ يۈرسەك ئۇيات ئەمەسمۇ، ھېلىمۇ ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىنى تونۇماستىن، بىر ـ بىرىنى ئاني تېپىپ، بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىپ، كۆرەلمەستىن ئۇرۇشۇپ يۈرۈۋاتقىنى ئازمۇ؟... ساتتاركام مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ سوۋېت ھۆكۈمىتى بولغان يەردىن كەلگىنى نېمىسى؟» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان ساتتاربەگ بىزنىڭ ئۆمەرنى «قورقتى» دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ، خەۋەرچىلىرىدىن يەنە: «مەن ئاتايىن ئۆمەر بىلەن ئېتىشقىلى كەلگەنمەن. ئۆمەر قورققان بولسا ئالدىمغا كېلىپ ‹قورقتۇم› دېسۇن» دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئۆمەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ساتتاركام بۇنداق قىلمىسا بولاتتى. ئەمدى مەقسىتى شۇ بولسا، بوپتۇ مەيلى، ئەتە كەچتە ئىپتاردىن كېيىن ‹سېسىق كۆل› نىڭ[22] يېنىدىكى چىملىقتا ئۇچرىشايلى» دەيدۇ. دېگەن ۋاقىتتا باردۇق. ساتتاربەگمۇ يېنىدىكى ئادەملىرىنى باشلاپ كەلگەن ئىكەن. رامزان ئېيى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغاچقا بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ پانۇسلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئالىمان بىردەمدىلا يىغىلىپ، چوڭ دۈگىلەك دائىرە هاسىل قىلىشىپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈتتەك ئايدىڭ كېچە بولغاچقا ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. بىر چاغدا ساتتاربەگ ئۈچىسىدىكى ئۇزۇن يالاڭ بەقەسەم تونى بىلەن بېشىدىكى مەخمەل تۇمىقىنى ئېلىۋېتىپ مەيدانغا چۈشتى. ساتتاربەگ نوچى ئۆمەرگە قارىغاندا بويلۇقراق، ئېگىز ئادەم ئىدى. ئۆمەرمۇ هەم بېشىدىكى قىزىل مانچېستىر دوپپىسى بىلەن يېنىدىن ئېتىلىدىغان ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن بېلىگە باغلانغان قارا پوتىسىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپ مەيدانغا چۈشتى. ئۆمەر ساتتاربەگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ سورىدى:

—سۇۋارى (باش، قول، پۇت هەممىسىنى ئىشلىتىپ ئۇرۇشۇش) ئېتىشامدۇق، يا بىر سەن، بىر مەنمۇ؟...

—بىر سەن، بىر مەن دېگىنىڭ، قانداق ئېتىشىش؟

—مەن تۇرۇپ بېرىمەن سەن ئۇرۇسەن، سەن تۇرۇپ بېرىسەن مەن ئۇرۇمەن، يىقىلغىنى هېساب.

—بولدى سۇۋارى ئېتىشايلى...

ئىككىسى كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى يانغا ئۆتۈشتى. ئادەملەر جىمجىت بولۇشۇپ خۇددى ئىككى خورازنى سوقۇشقا سالغاندەك قارىشىپ تۇردۇق. ساتتاربەگ نوچى راستتىنلا نېرىدىن خورازدەك بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا مېڭىپ هەملە قىلىشقا باشلىدى. ئۆمەر بولسا ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ هەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئوڭ - سولدىن تەييارلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا ساتتاربەگ شارتلا قىلىپ بۇرۇلۇپ مۇشت ئاتتى. ئۆمەر بەدىنىنى تېزلىكتە يانغا ئالدى - دە، ئۆزىگە مۇشت تەگكۈزمىدى. ساتتاربەگنىڭ ئاتقان ئىككىنچى، ئۈچىنچى مۇشتلىرىمۇ بىكار كەتتى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ يەنە بىر مۇشت ئاتقۇچە، ئۆمەرنىڭ ئوڭ پۇتى بىلەن ئاتقان كۈتۈلمىگەن پەشۋاسى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئوڭ قولىدىن تەگكەن تەتۈر كاچات بىلەن تەڭلا «قاراس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋازمۇ ئاڭلاندى - يۇ، قارىساق ساتتاربەگ نوچى ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ چۈشۈپ، ئىڭىكى چۈشۈپ كەتتى.

—ئاپلا، ساتتاركا! —دېگىنىچە ئۆمەر دەرهال ساتتاربەگنى يۆلەپ ئىڭىكىنى ئورنىغا سېلىپ قويدى.

ساتتاربەگ ئىڭىكىنى تۇتقىنىچە بېشىنى ئۇياق - بۇياققا ئېغىتىپ كۆرۈپ قولىنى كۆتۈردى:

—بولدى قول قويدۇم... هەقىقىي نوچى ئىكەنسەن... ئىلىخورىڭنى سوراپ يۈرۈۋەر، —دېگىنىچە بەقەسەم تونىنى ئېلىپ ئۆمەرگە كىيگۈزۈپ قويدى. شۇ كېچىسى ساتتاربەگنىڭ غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ پەيتۇنىنى هەيدەپ يەمشىكلىك قىلىدىغان ئاكىسى ئوسال بولغىنىدىن ناهايىتى خاپا بولۇپ، كېچىلەپ يەركەتكە چىقىپ كەتكەنىدى...»

نودەرنىڭ كۆڭلىدىن شۇ ئىشلار ئۆتۈپ، ئۇ ئۆمەر ژۇمۇققا يەنە بىر قېتىم زوقلىنىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق تۇغقىنىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلاندى - دە، دىلى يورۇپ، ئازادىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى.

ئېگىز ئەنجان تاملار بىلەن قورشالغان بۇ باغنىڭ كۆلىمى تۆت مودىن كەم ئەمەستى. **30 - 40** ئادەم بەهۇزۇر ئولتۇرغىدەك، تاختايدىن كۆتۈرۈپ ياسالغان. ئۈستى قاڭالتىرلانغان، چىرايلىق بېزەلگەن بۈگلۈك ئۈستىگە سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەملەر، ئۇزۇن يىكەنداز كۆرپىلەردە ئەپلىك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان سورۇن ئەهلىنىڭ كەيپىياتى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. داستىخانلارغا قويۇلغان لىگەنلەردە پۈتۈن پىتى پىشۇرۇلغان كەكلىك، قىرغاۋۇل گۆشلىرى، بۆدۈنە كاۋاپلىرى، قوي گۆشى هەم قوي گۆشى كاۋاپلىرى، يەل - يېمىش، مېۋە - چېۋىلەر، تاغ گۈللىرىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلۈپ نەقىشلەنگەن چوڭ ياغاچ تېگىنلەردە قىمىز، هەر بىر كىشىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك ساپتاياقلاردا هەم قىمىز تۇراتتى. كۈچلۈك قىمىزنى ئىچىپ قىزىغان، گۆش، كاۋاپقا تويۇنغان سورۇن ئەهلى باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دارىبەگ شىربەگكە قاراشتى. شىربەگمۇ سورۇن ئەهلىنىڭ كەيپىياتىنى بىلمەكچىدەك ئۇلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن سازەندىلەرگە قاراپ:

—هە، قېنى ئەمسە، ئەمدى بىردەم ئەلنەغمىچىلىرىمىزنىڭ پەيزىنى ئاڭلايلى، —دېدى -

دە ، سازەندىلەرگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

سازەندىلەر قوللىرىغا سازلىرىنى ئېلىشىپ ، دىرىڭشىتىپ تەمبۇر بىلەن ئىسكىرىپكىغا تەڭشىدى ـ دە ، تەمبۇرنىڭ باشلىشى بىلەن «ئۆرگىلەي» ناخشىسىنى يۇرۇشى بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى:

قەدىردانىم تولۇن ئايدەك ،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ .
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا ،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ .

2 ـ ئۆزگىرىشى

ئۇ كوچاڭدا سەن بولساڭ ،
بۇ كوچاڭدا مەن بولاي .
قىزىل گۈلى سەن بولساڭ ،
يوپۇرماغى مەن بولاي .

3 ـ ئۆزگىرىشى

يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق .
ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا ، (يەي ئالەيەي ۋاي يا ـ يارىمەي
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق .

4 ـ ئۆزگىرىشى

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك ،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي .
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك ،
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي .
سەن قاياقتىن كېلىسەن ،
چىرايلىقىم كۆزۈڭ خۇمار .
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن ،
بوينۇڭنى ئاسقىن تىلتۇمار .
(ساڭا تىلىم ۋاي تەگمىسۇنەي ، ئۆرگىلەي ۋاي ،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمارەي ـ ۋەي)

ناخشا تۈگىدى . مەرغۇلنى ئۆسەك سەكتىسى بىلەن چۈشۈردى . نودەر بۇ ناخشىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىغاچقىمۇ بۇ ناخشىلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقتى . ناخشىنىڭ بېيىتلىرى گويا شۇ تاپتىكى نودەرنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەۋاتقاندەكلا بىلىندى . ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەم ، نالە ـ پەرياتقا تولغان پىغانلىق كۆڭلى بىرئاز پۇخادىن چىققاندەك بولدى . ئۇ سورۇندىكىلەرگە قارىۋىدى ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ناخشىغا نىسبەتەن بىرەر ئىنكاس پەيدا بولغاندەكمۇ ئەمەستى . «تەقدىر ئەزەلدىن ، تەقدىرنىڭ يازمىشى مۇشۇنداق بولىدۇ . بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئىنساننىڭ قۇربى يەتمەيدۇ . بۇلارنى ئويلاپ بېشىڭنى گاراڭ قىلما . ئۆمرۈڭنىڭ خۇش ئۆتكىنى ئەلا . يېيىشىڭنى يەپ ، ئۇسسۇل ئويناپ پەيزى قىلىپ ، ناخشاڭنى ئېيتىپ يۈرۈۋەر...» دېگەندەك ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋا ، بىخىسىپ كەتكەن ئۇيقۇلۇق خىياللىرى بىلەن بەندتەك ئىدى .

شۇ ئارىدا بىرى ، يىگىت بېشى مەگسۇر شاگيۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلاپ ، قويۇۋالغان بۇرۇتىغا قارىغاندا ئۆزى ۋىجىكرەك بىرسىنى ئىما قىلىپ قويدى . مەگسۇر شاگيۇ سەل دېلىغۇل بولغاندەك تۇرۇپ كېتىپ دارىبەگ شىربەگنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . شىربەگە كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، قاسىم توگىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ قايتىپ كېلىپ ئورنىغا ئولتۇردى .

نودەر نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي يېنىدىكى ئۆمەر ژۇمۇققا سوئال نەزىرى بىلەن قارىۋىدى ، ئۆمەر:

ــ ئاۋۇ چەتتە ــ دېدى ئۆمەر ژۇمۇقمۇ پىچىرلاپ پەگا تەرەپنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ ــ ھە ، ئاشۇ چۈمۈلىدەك بېلىگە يوغان پوتا باغلاپ ئولتۇرغان ، ئۆزىگە قارىغاندا بۇرۇتى چوڭ كۆرۈنگەن ياسىن ئاۋاقنى شاگخو قىلماقچى ئوخشايدۇ...

ــ شاگخو قىلىشىمۇ نېمىشقا بىر ـ بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشىدۇ؟...

ــ بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى ھازىرلا بىلىسەن . بۇنى قازى بېگىدىن يوشۇرالمايدۇ... ــ ئۆمەر سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى ، ــ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ياسىن ئاۋاقنىڭ بىر كەتكۈزۈپ قويغان يېرى بار ئوخشايدۇ...

دېگەندەكلا قازى بېگى نىزامباي يىگىت بېشىغا يۈزلىنىپ سورىدى:

ــ ھاي يىگىت بېشى ، نېمە پىچىر ـ پىچىر بۇ!؟...

ــ قازى بېگىمگە مەلۇم بولغايكى ، ــ دېدى ئاماللىسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغاچقا بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ پانۇسلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئالىمان بىردەمدىلا يىغىلىپ، چوڭ دۈگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىشىپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇتتەك ئايدىڭ كېچە بولغاچقا ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. بىر چاغدا ساتتاربەگ ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن يالاڭ بەقەسەم تونى بىلەن بېشىدىكى مەخمەل تۇمىقىنى ئېلىۋېتىپ مەيدانغا چۈشتى. ساتتاربەگ نوچى ئۆمەرگە قارىغاندا بويلۇقراق، ئېگىز ئادەم ئىدى. ئۆمەرمۇ ھەم بېشىدىكى قىزىل مانچىستىر دوپپىسى بىلەن يېنىدىن ئېتىلىدىغان ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن بېلىگە باغلانغان قارا پوتىسىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپ مەيدانغا چۈشتى. ئۆمەر ساتتاربەگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ سورىدى:

— سۇۋارى (باش، قول، پۇت ھەممىسىنى ئىشلىتىپ ئۇرۇشۇش) ئېتىشامدۇق، يا بىر سەن، بىر مەنمۇ؟...

— بىر سەن، بىر مەن دېگىنىڭ، قانداق ئېتىشىش؟

— مەن تۇرۇپ بېرىمەن سەن ئۇرۇسەن، سەن تۇرۇپ بېرىسەن مەن ئۇرۇمەن، يىقىلغىنى ھېساب.

— بولدى سۇۋارى ئېتىشايلى...

ئىككىسى كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى يانغا ئۆتۈشتى. ئادەملەر جىمجىت بولۇشۇپ خۇددى ئىككى خورازنى سوقۇشقا سالغاندەك قارىشىپ تۇردۇق. ساتتاربەگ نوچى راستتىنلا نېرىدىن خورازدەك بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا مېڭىپ ھەملە قىلىشقا باشلىدى. ئۆمەر بولسا ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئوڭ ـ سولدىن تەييارلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا ساتتاربەگ شارتلا قىلىپ بۇرۇلۇپ مۇشت ئاتتى. ئۆمەر بەدىنىنى تېزلىكتە يانغا ئالدى ـ دە، ئۆزىگە مۇشت تەگكۈزمىدى. ساتتاربەگنىڭ ئاتقان ئىككىنچى، ئۈچىنچى مۇشتلىرىمۇ بىكار كەتتى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ يەنە بىر مۇشت ئاتقۇچە، ئۆمەرنىڭ ئوڭ پۇتى بىلەن ئاتقان كۈتۈلمىگەن پەشۋاسى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئوڭ قولىدىن تەگكەن تەتۈر كاچات بىلەن تەڭلا «قاراس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋازمۇ ئاڭلاندى ـ يۇ، قارىساق ساتتاربەگ نوچى ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئىڭىكى چۈشۈپ كەتتى.

— ئاپلا، ساتتاركا! — دېگىنىچە ئۆمەر دەرھال ساتتاربەگنى يۆلەپ ئىڭىكىنى ئورنىغا سېلىپ قويدى.

ساتتاربەگ ئىڭىكىنى تۇتقىنىچە بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئېغىتىپ كۆرۈپ قولىنى كۆتۈردى:

— بولدى قول قويدۇم... ھەقىقىي نوچى ئىكەنسەن... ئىلىخورىڭنى سوراپ يۈرۈۋەر، — دېگىنىچە بەقەسەم تونىنى ئېلىپ ئۆمەرگە كىيگۈزۈپ قويدى. شۇ كېچىسى ساتتاربەگنىڭ غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ پەيتونىنى ھەيدەپ يەمشكىلىك قىلىدىغان ئاكىسى ئوسال بولغىنىدىن ناھايىتى خاپا بولۇپ، كېچىلەپ يەركەتكە چىقىپ كەتكەنىدى...»

نودەرنىڭ كۆڭلىدىن شۇ ئىشلار ئۆتۈپ، ئۇ ئۆمەر ژۇمۇقتا يەنە بىر قېتىم زوقلىنىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق تۇغقىنىنىڭ بولغانلىقىدىن ئېپتىخارلاندى ـ دە، دىلى يورۇپ، ئازادىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى.

ئېگىز ئەنجان تاملار بىلەن قورشالغان بۇ باغنىڭ كۆلىمى تۆت مودىن كەم ئەمەستى. 30 ـ 40 ئادەم بەھۇزۇر ئولتۇرغىدەك، تاختايدىن كۆتۈرۈپ ياسالغان. ئۈستى قاڭالتىرلانغان، چىرايلىق بېزەلگەن بۈگلۈك ئۈستىگە سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەملەر، ئۇزۇن يىكەنداز كۆرپىلەردە ئەپلىك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان سورۇن ئەھلىنىڭ كەيپىياتى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. داستىخانلارغا قويۇلغان لىگەنلەردە پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان كەكلىك، قىرغاۋۇل گۆشلىرى، بۆدۈنە كاۋاپلىرى، قوي گۆشى ھەم قوي گۆشى كاۋاپلىرى، يەل ـ يېمىش، مېۋە ـ چېۋىلەر، تاغ گۈللىرىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلۈپ نەقىشلەنگەن چوڭ ياغاچ تېگىنلەردە قىمىز، ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك ساپتاياقلاردا ھەم قىمىز تۇراتتى. كۈچلۈك قىمىزنى ئىچىپ قىزىغان، گۆش، كاۋاپقا تويۇنغان سورۇن ئەھلى باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دارىبەگ شىربەگكە قاراشتى. شىربەگمۇ سورۇن ئەھلىنىڭ كەيپىياتىنى بىلمەكچىدەك ئۇلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن سازەندىلەرگە قاراپ:

— ھە، قېنى ئەمىسە، ئەمدى بىردەم ئەلنەغمىچىلىرىمىزنىڭ پەيزىنى ئاڭلايلى، — دېدى ـ

دە ، سازەندىلەرگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

سازەندىلەر قوللىرىغا سازلىرىنى ئېلىشىپ ، دېرىڭشىتىپ تەمبۇر بىلەن ئىسكىرىپكىغا تەڭشىدى ـ دە ، تەمبۇرنىڭ باشلىشى بىلەن «ئۆرگىلەي» ناخشىسىنى يۇرۇشى بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى:

قەدىردانىم تولۇن ئايدەك ،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ .
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا ،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ .

2 ـ ئۆزگىرىشى

ئۇ كوچاڭدا سەن بولساڭ ،
بۇ كوچاڭدا مەن بولاي .
قىزىل گۈلى سەن بولساڭ ،
يوپۇرماغى مەن بولاي .

3 ـ ئۆزگىرىشى

يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق .
ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا ، (يەي ئالەيەي ۋاي يا ـ
يارىمەي
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق .

4 ـ ئۆزگىرىشى

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك ،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي .
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك ،
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي .
سەن قاياقتىن كېلىسەن ،
چىرايلىقىم كۆزۈڭ خۇمار .
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن ،
بوينۇڭنى ئاسقىن تىلتۇمار .
(ساڭا تىلىم ۋاي تەگمىسۇنەي ، ئۆرگىلەي ۋاي ،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمارەي ـ ۋەي)

ناخشا تۈگىدى . مەرغۇلنى ئۇسەك سەكتىسى بىلەن چۈشۈردى . نودەر بۇ ناخشىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىغاچقىمۇ بۇ ناخشىلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقتى . ناخشىنىڭ بېيىتلىرى گويا شۇ تاپتىكى نودەرنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەۋاتقاندەكلا بىلىندى . ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەم ، نالە ـ پەرياتقا تولغان پىغانلىق كۆڭلى بىرئاز پۇخادىن چىققاندەك بولدى . ئۇ سورۇندىكىلەرگە قارىۋىدى ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ناخشىغا نىسبەتەن بىرەر ئىنكاس پەيدا بولغاندەكمۇ ئەمەستى . «تەقدىر ئەزەلدىن ، تەقدىرنىڭ يازمىشى مۇشۇنداق بولىدۇ . بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئىنساننىڭ قۇربى يەتمەيدۇ . بۇلارنى ئويلاپ بېشىڭنى گاراڭ قىلما . ئۆمرۈڭنىڭ خۇش ئۆتكىنى ئەلا . يېيىشىڭنى يەپ ، ئۇسسۇل ئويناپ پەيزى قىلىپ ، ناخشاڭنى ئېيتىپ يۈرۈۋەر ...» دېگەندەك ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋا ، بىخىسىپ كەتكەن ئويقۇلۇق خىياللىرى بىلەن بەندەتەك ئىدى .

شۇ ئارىدا بىرى ، يىگىت بېشى مەگسۇر شاگىيۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلاپ ، قويۇۋالغان بورۇتىغا قارىغاندا ئۆزى ۋىجىكرەك بىرسىنى ئىما قىلىپ قويدى . مەگسۇر شاگىيۇ سەل دېلىغۇل بولغاندەك تۇرۇپ كېتىپ دارىبەگ شىربەگنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . شىربەگە كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، قاسىم توگىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ قايتىپ كېلىپ ئورنىغا ئولتۇردى .

نودەر نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي يېنىدىكى ئۆمەر ژۇمۇققا سوئال نەزىرى بىلەن قارىۋىدى ، ئۆمەر:

ــ ئاۋۇ چەتتە ،ــ دېدى ئۆمەر ژۇمۇقمۇ پىچىرلاپ پەگا تەرەپنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ ،ــ ھە ، ئاشۇ چۇمۇلىدەك بېلىگە يوغان پوتا باغلاپ ئولتۇرغان ، ئۆزىگە قارىغاندا بورۇتى چوڭ كۆرۈنگەن ياسىن ئاۋاقنى شاگخو قىلماقچى ئوخشايدۇ ...

ــ شاگخو قىلىشىسمۇ نېمىشقا بىر ـ بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشىدۇ؟ ...

ــ بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى ھازىرلا بىلىسەن . بۇنى قازى بېگىدىن يوشۇرالمايدۇ ... ــ ئۆمەر سەل تورۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى ،ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا ياسىن ئاۋاقنىڭ بىر كەتكۈزۈپ قويغان يېرى بار ئوخشايدۇ ...

دېگەندەكلا قازى بېگى نىزامباي يىگىت بېشىغا يۈزلىنىپ سورىدى:

ــ ھاي يىگىت بېشى ، نېمە پىچىر ـ پىچىر بۇ!؟ ...

ــ قازى بېگىمگە مەلۇم بولغايكى ،ــ دېدى ئاماللىسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قالغان بىر قىياپەتتە مەگسۇر شاگىيۇ ئىنجىقلاپ قويۇپ، — مەنمۇ يېگىلا بىلدىمكى، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرى بولغان ياسىنجان ئەھلى جامائەت ھەم ئوتتۇز ئوغۇلنى كۆزگە ئىلماي، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، بىر ياش چوكان بىلەن سىرتتا يوشۇرۇنچە ئۆي تۇتۇۋاپتۇ...

قازى بېگىمنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، ئاچچىقلانغان قىياپەتتە چاقىردى:

— ھەي ياسىن!...

— خوش قازى بېگىم، — ياسىن ئاۋاق ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئورنىدىن تۇرغىنىچە قول باغلاپ تۇردى.

— يىگىت بېشىنىڭ ئېيتاقانلىرى راستمۇ؟!...

— ئەمدى شۇ...

— گەپنى مجماي راست بولسا راست دە!...

قازى بېگىمنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازىدىن، ئاچچىق چىققان ئاۋازىدىن ئەندىكىپ ھوشىغا كەلگەندەك بولغان ياسىن ئاۋاق گۇناھكارلارچە بېشىنى ئېگىپ ئىقرار قىلدى:

— راست، قازى بېگىم... ئەمدى شۇ... كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ...

— قانداق دېگەن ناشۇكۇر كۆڭۈل بۇ؟!... شۇنداقمۇ رەسۋاچىلىق قىلغان بارمۇ؟!... — قازى بېگىمنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، — سىرتتىكىلەر ئاڭلىسا مەشرەپمىزدىكى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ يۈزى تۆكۈلمەمدۇ؟!... كاشكى بۇ ياشلىقىڭدا ئاتاڭ ئېلىپ بەرمىگەن ئاشىقىڭ بولسىكەن، بۇ بىر نۆرى... قېنى ئوتتۇز ئوغۇل سىلەر بۇ ئىشقا قانداق قارايسىلەر؟!...

قازى بېگىمنىڭ ياسىن ئاۋاقنى خۇددى ئوغلاقتەك ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ بەرگىنى، باياتىن بېرى تاقەتسىزلىكتىن تاقىتى - تاق بولۇپ تۇرغان قاسىم توگىنىڭ زوقىغا مەلھەم بولدى.

— ھەي ياسىن، جېنىڭغا چۈشلۇق ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟ — دەپ باشلامچى بولۇپ ياسىننى شاگخو قىلىشنىڭ ئاچچىق قامچىسىنى شىلتىدى، — ئەپتىگگە قارىغىنە، ئىككى خوتۇننىڭ ئارىسىدا يىگىناغۇچتەك بولۇپ قاپسەن!...

— ئىككى پۇتۇڭنى تۈز تۇتقىنە، كونا لاخشىگىردەك ئېگىلىپ قاپتىغۇ...، — دەپ ئىككىنچى بىر چاقچاقچى قاسىم توگىغا ئەگەشتى.

— ئۆيدە چوغ تۇتالمىغان بىلەن، — دېدى ئۈچىنچىسى، — تالاغا چىقسا خوتۇننى ياخشى تۇتىدىغان لاخشىگىركەن بۇ!...

— يەرگە تاشلىۋەتمىگىچە خوتۇننى قويۇۋەتمەيدىغان لاخشىگىر بۇ!...

— ئاۋاقلىقىڭغا قارىغاندا، موماڭ تۇتۇپ تاشلىۋەتكەن كونا لاخشىگىرغۇ سەن!...

— خوتۇن ئالغىچە جېنىڭنى جان ئېتىدىغان سويۇپ يەيدىغان قوي ئالساڭچۇ!؟...

— پۇۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان نېمىكەن، قوينى بېسىپ سويالامدۇ بۇ!؟...

— بۇرۇتىغا قارىغاندا، سويالمىسىمۇ يېتىلەپ يۈرۈپ يەپ كېتىدۇ بۇ!؟...

— قاراڭلارا بۇرۇتىغا، كۈيە چۈشكەن ياقىلىقتەك بولۇپ كېتىپتۇ - غۇي!...

— ئىككى خوتۇنلۇق چېغىدا چۈشكەن كۈيە بۇ! — دېدى قاسىم توك شاگخونى تېخىمۇ ئەۋجگە كۆتۈرۈپ، — ئەمدىكى خوتۇندا باشقا يەرلىرىگىمۇ كۈيە چۈشەمدۇ نېمە بۇنىڭ!؟...

— پاھوي!... پا، پا، پا...

— چوك خوتۇنى قېرىتىمەن دەپ قارىسىنى يۇلسا، — دەپ قاسىم توگىنىڭ كەتكۈزگەن يېرىنى ئۇلىگۈۋەتتى يەنە بىرى، — كىچىكى ياشارتىمەن دەپ بۇرۇتىنىڭ ئېقىنى يۇلۇپ، ئاقلىۋەتكەن كاۋىدەك بولۇپ قاپتۇ بۇ...

— ئىككى خوتۇن ئۆچ بولۇپ، قىلى يوق چوتكىدەك قىلىۋېتىپتۇ - غۇي سېنى!؟...

— ئۈچ خوتۇننىڭ ئارىسىدا قېلىپ، ئىچىدە ئادىمى يوق كونا چەكمەندەك بولۇپ قاپسەنغۇي...

— چەكمەننىڭ ئىچىدە ئادىمى بولمىسا، ئۆيدە خوتۇن تۇرامدۇ!؟...

— تۆپىسىگە يەنە بىر خوتۇن ئالساڭ، قورۇپ قالغان سازاگدەك بولىدىكەنسەنغۇ...

چاقچاقچىلارنىڭ رايىغا قويۇپ بەرسە، ياسىن ئاۋاقنى بىر كېچە شاگخو قىلىشسىمۇ پۈخادىن چىقمايدىغانلىقىنى پەملىگەن يىگىت بېشى مەگسۇر

شاگىۋ ئاخىرى ئۇلارنى زورىغا توختاتتى ـ دە، نىزامبايغا قاراپ:

ـ قازى بېگىم...، ـ دەپ تۇرۇپ قالدى.

ـ خوش، يىگىت بېشى نېمە دېمەكچىكەن!؟...، ـ قازى بېگى نىزامباي كۆڭلىدە بىر ئىشنى سەزگەندەك مەگسۇر شاگىۋغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، ـ قېنى، نېمە گېپىڭ بولسا ئوچۇقلا دېگىنە!...

مەگسۇر شاگىۋ ئېيتماقچى بولغان سۆزىنىڭ پائۇزىسى سۈپىتىدە «ئەھۇ» دەپ قىسقىلا بىر يۆتىلىۋېلىپ قويۇپ دېدى:

ـ قارىسام، ياسىنجان قىلىپ قويغان بۇ ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، تۈۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ تۈۋا قىلغاندەك قىلىدۇ...

ـ ۋاھ!... ئەمىسە تۈۋا قىلمىسا بولاتتىمۇ!؟ ـ قاسىم توك رەنجىگەندەك ئۈن قاتتى.

ـ خەپشۇك!...، ـ نىزامباي ۋارقىرىدى.

ـ دېمەكچىمەنكى...، ـ مەگسۇر شاگىۋ قاسىم توكقا قاپىقىنى تۈرۈپ ئالىيىپ قاراپ قويدى، ـ ئۇنىڭ بۇ گۇناھىنى مۇشۇ بىر قېتىم مەن سورىۋالسام... ئۇ ئۆتكۈزگەن ناشايان قىلمىشىغا ئايرىم بىر مەشرەپ بېرىپ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالسا...

ـ بۇ قانداق بولغىنى!؟... يىگىت بېشى يامانغا يانتاياق بولماقچىمۇ تېخى!؟...

ـ يوقسۇ، يوقسۇ...، ـ دېدى مەگسۇر شاگىۋ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك قىلىپ ھەم ئېيتايمۇ ـ ئېيتمايمۇ دېگەندەك بىر تەگىسلىقتا تۇرۇپ، ـ ياسىنجاننىڭ بۇنداق سەۋەنلىكنى سادىر قىلىشى شۇبۇ ۋەجىدىن ئىكەن... ئۇنىڭ ئىككىلا خوتۇنى سۇۋاي ـ تۇغماس خوتۇن چىقىپ قالغاچقا، ئۇ بىر پەرزەنت كۆرسەم دېگەن نىيەتتە ياشراق چوكان بىلەن ئۆي تۇتقانىكەن...

ـ دېمەك بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، بۇ ئىشقا شاگىۋىم ئۆزى باش بولۇپ قول تىققانىكەندە!...، ـ يەنىلا قاسىم توك يۈگەنسىز ئېغىزىنى ئاچتى.

ـ ھوي، ھوي، ھوي!...

سورۇن ئەھلى ھەيرانۇھەس بولۇشقان ھالدا تەئەججۇپلىنىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى.

ـ ھە، مەگسۇر شۇنداق بىر ئىش بارمىدى!؟...

ـ ئەمدى قازى بېگىم، ئىنسانچىلىقتا بولىدىغان ئىشكەن... بۇ بىچارىگە بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويۇۋېدىم.

ـ مەن باشقىچىرەك يەنە بىر گەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ!؟...

ـ ئىسلىدىن يوشۇرۇشقا ھەددىم ئەمەس قازى بېگىم، ـ مەگسۇر شاگىۋ سورۇندىكىلەرگە قاراپ بېشىنى ئېغىتقىنىچە كۈلدى، ـ ئەسلى بۇ مۇنداق ئىشتى. بۇ ياسىنجاننىڭ سىڭلىسىنى مېنىڭ قېيىنئىنىمغا ماقۇل دېيىشىپ قويغانىدۇق...

ـ ھە، مانا گەپ ئەمدى ئېنىق بولدى، ـ قازى بېگى قانائەت ھاسىل قىلدى بولغاي بېشىنى ئاستا لىڭشىتقىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپ دېدى، ـ بوپتۇ، بۇ نۆۋەت بۇ ئىشقا ئەسلى ئۆزىمىزنىڭ يىگىت بېشى قول تىققىنى ئۈچۈن، ھەم ئۇنىڭ يۈزىنى قىلايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپى دىنىي مەھكىمە بىلەن پۈتۈدىكەن... ئەمدى سەن ياسىنجان كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئوغرى مۈشۈكتەك كۆرۈنگەن يەرنى تىمىسقىلاپ يۈرمەي، تېزلىكتە بۇ ئىشىڭنى بىر تەرەپ قىل... مەشرىپىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈدىغان ئىشىڭنى يەنە بىر ئاڭلاپ قالسام، مەشرىپىمىزدىن قوغلاندى بولۇسەن!... ئۇقتۇڭمۇ!؟...

چاقچاقچىلارنىڭ بايىقى مەسخىرە ـ شاگخوسىدىنمۇ ئېغىر جازانىڭ بېرىلىشىنى كۈتۈپ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان ياسىن ئاۋاقنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ:

ـ ئۇقتۇم... قازى بېگىمگە... مېنى ئەپۇ قىلغان ئوتتۇز ئوغۇلغا رەھمەت...

ـ ھە، بولدى. ئولتۇرغىن... ئىش تامام... قېنى داربەگ، ئويۇنىمىزنى داۋام قىلايلى...

ـ ئۇنداق بولسا، ـ دېدى داربەگ شەربەگ شۇنداق دېگىنىچە بىر نودەرگە، بىر تېپىپبەگكە قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن تېپىپبەگكە مۇراجىئەت قىلدى، ـ قېنى ئەمىسە، تېپىپبەگدىن بىر ناخشا ئاڭلايلى!...

شەربەگنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئېغىز ئېرىچلاپ يەنىلا

www.uyghurkitap.com

قاسىم توك ئىغىز ئاچتى:

— بۈگۈن تېيىپبەگنىڭ ئۇبدانلا كەيپى بار. قاراڭلارا قىز بالىدەك ئىككى مەڭزىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى... ئەمما، ناخشىنىمۇ ئېيتىپ قويىدىغاندەك قىلىدۇ. جۆمۈڭلار!... ئېيتە ئاداش، ھېچكىم ئاڭلىمىسا مانا مەن ئاڭلايمەن!...

ئۆزى ئوبدانلا قىزىۋالغان قاسىم توكنىڭ ئالدىراقلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى تېيىپبەگنىڭ دىلىغا تەگدى بولغاي، ئەيتاۋۇر ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ دىمىقىنى قېقىپ قاسىم توكقا ئاندىن نودەرگە قاراپ قويدى ـ دە، دۇتارنى قولىغا ئالدى.

— خەپشۇك ھەي ئاغىنىلەر، بىزنىڭ تېيىپبەگنىڭ پەيزىنى ئاڭلايلى! — دېدى ئاردا بىرى خۇشامەتكويلۇق بىلەن تېيىپبەگ ناخشا ئېيتقىلىۋاتىدۇ دېگەندەك قىلىپ.

تېيىپبەگ دۇتارنى بىرئاز دىرىڭلىتىپ تۇرۇپ كېتىپ، كەيپلىكتە خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنچە:

— ئەمىسە مەن ئاغىنىلەرگە «دەردىڭ يامان» نى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ـ دە، دۇتار بىلەن تەڭ ناخشىنى باشلىدى.

قېشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ئوسما قويغىنىڭ يالغان. (جانەي)
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم، (دەردىڭ ئاھ يامانەي)
سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان. (جانەي)

قاشىڭنىڭ قاراسىگە،
ھال بولاي ئاراسىگە. (جانەي)
ئەسلى رەھمىڭ كەلمەمدۇ، (دەردىڭ ئا يامانەي)
سودىگەر بالاسىگە. (جانەي)...

ئاق بېلىق، ئاپپاق بېلىق،
ئاپتاپتا ياتقانىڭ قېنى!؟
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
ياخشىنى تاپقانىڭ قېنى؟

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
قويمىسام يار قاشىدىن.
خەلقئالەم ئالدىدا،
پارۋانە بولسام باشىدى...

كاككۇكلار كېلىپ قوندى، (يارى يار)
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، (ئەي گۈلى غۇنچە ئا يارەي)
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە...

.........

يار ئىشكىدە تۇرسا، (جان جېنىمەي، ئاخېنىمەي، ئايارەي)
چىنمودەن ئېچىلغاندەك. (جان، جانەي، جېنىمەي مودەنخان)
يار بىلەن ئۆتەرمىزمۇ، (جان جېنىمەي، ئاخېنىمەي، ئايارەي)
سۇغا سۇ قېتىلغاندەك. (جان، جانەي، جېنىمەي مودەنخان)

.........

تالى دەيدۇ تالى دەيدۇ،
جىگدەنىڭ تالى (ئايەي)
ئېيتسام ـ ئېيتسام توگىمەيدۇ (ئەي نادان ئايارەي)
يارىمنىڭ ھالى.

تېيىپبەگ «تالى دەيدۇ» ناخشىسىنى ئەمدىلا چۇشۇرۇپ تۇرۇشىغا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مەشرەپ ئەھلى! — دېگىنچە بىر دېھقان يىگىت باغ ئىچىدىكى بۇ سورۇنغا يېقىنلاپ كېلىپ سالام بېرىپ توختىدى.

تېيىپبەگ چەكچەيگىنچە ناخشىسىدىن توختىدى.

كۆچلۈك قىمزىنى ئىچىپ كەيپى تولغان سورۇن ئەھلى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانغا ھەيران بولۇشقىنچە قاراپ قېلىشتى. ھەتتا يىگىت بېشى بىلەن قازى بېگىمۇ تېڭىرقاپ قالغاندەك ئىدى. دېھقان يىگىت بولسا تېخىچىلا ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلغىنىچە تۇراتتى. ئۇ جىيەكلىرىگە قارا مەخمەل تۇتۇلغان ئاق مالىخىينى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيگەن بولۇپ، ئۇچىسىدا، بىقىنىدىن تۈگمىلەنگەن

تىك ياقىلىق ماداخان ئاق كۆڭلەك، پەشمەت چاپان، بېلىدە قارا پوتا، ئايىغىغا پوپۇش كىيىپ، پاقالچىكىگە گوجەي[23] ئورىۋالغانىدى.

ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا نودەرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك، بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ ئۆمەر ژۇمۇقنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

—ساڭا نېمە بولدى هوي!؟—دېدى ئۆمەر ژۇمۇق تەئەججۇپلەنگەن هالدا، ئىچ-ئىچىدىن هاياجانلىنىپ قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتقان نودەرنى ئاستاغىنە تۇرتۇپ.

نودەرنىڭ نەپەسلىرى قىسىلغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى نەملەندى-دە، ئارانلا دېيەلىدى:

—ئۇ كەلدى.. ئاكا!... ئۇ راستىنلا كەلدى!...

—ئۇ، كىمۇ؟...

—ئۇ... شۇ...،—دېگىنىچە نودەر ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

—هوشۇڭنى يىغ!...،—ئۆمەر ژۇمۇق نودەرنىڭ غولىدىن باسقىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ دېگىدەك تۇردى-دە، ئۇنىڭ سالاملىرىغا جاۋاب قايتۇردى:

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!... قېنى، يىگىت، سالامچى بولساڭ بۇ ياققا يېقىنراق كەل!...

—هوي، ئۆمەركامكەنغۇ!؟...،—يىگىت خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى،—ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۆمەركا!... ۋاھ!... سەنمۇ بۇلارنىڭ سورۇنىدىكەنسەندە؟!...

—هوي، هوي، مۇنۇ مەشۇر[24] ئۆمەركامنى تونۇمىدۇ نېمە!؟... هېيىقمايلا ئۇنى سەنلاۋاتىدىغۇ!؟—دېدى داۋۇت كولدۇر دېگەن بىرى يىگىتنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلىپ.

—ئۆمەركامنى پۈتۈن يۇرت تونۇغان يەردە، مېنى تونۇمايدۇ دېۋىدىڭما!؟—دېدى يىگىت داۋۇت كولدۇرنى نەزىرىگىمۇ ئىلمىغان قىياپەتتە.

سۆزنى ئاۋۇتماسلىق ئۈچۈن ئۆمەر ژۇمۇق دەررۇ ئۇنىڭدىن سورىدى:

—ھە، نەدىن كېلىشىڭ!؟...

—سەھرادىن.

—ھە، بىر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭ!؟

—ھە، ئىككى هارۋا بېدە ئەكىرىۋىدىم، سېتىپ بولۇپ ئەمدى ئۆيگە قايتىشىم...

—ھە، بۇ سورۇنغا كىرىپ قاپسەنغۇ!؟...

دېھقان يىگىت ئۇڭ پۇتىنىڭ ئېغىرلىقىنى سول پۇتىغا يۆتكىگىنىچە بېلىدىكى پوتىسىغا سول قولىنى ئېلىپ تۇرۇپ:

—مۇشۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام بىرسىنىڭ ناخشىدەك ئاۋازى ئاڭلاندى. «باغدا ئايالارنىڭ چېيى بار ئوخشايدۇ» دەپ تىڭشاپ باقسام، «ئېيتسام-ئېيتسام تۈگىمەيدۇ، يارىمنىڭ هالى» دەۋاتىدۇ. «ۋاھ، قانداق نېمە بۇ؟... «ئېيتسا-ئېيتسا تۈگىمەيدۇ يارىمنىڭ هالى» دەپ ئېيتامدۇ؟... شۇنىڭغا قارىغاندا تازا چىدىماس بىرنېمىمۇ نېمە؟—دەپ كۆرۈپ باقاي دەپ كىرىشىم.. قارىسام سىلەركەنسىلەر...،—دېدى.

داۋۇت كولدۇر يەنە گۇلدۇرلىدى:

—ھەي مەشۇر!... بىزنىڭ تېيىپبەگكە دارتىپ تورۇك-تورۇك گەپ قىلىسەنغۇ!؟...

—ھەي!...،—دېھقان يىگىتنىڭ ھەم كەمستىلگەنلىكىگە قارىتا ئاچچىق بىر تىللى باردەك قىلدى-يۇ، ئىچىگە يۇتۇۋەتتى-دە، مەخسىرىلىك كۈلگىنىچە داۋۇت كولدۇرغا قاراپ دېدى:

—ناخشا دېگەننى بارغۇ، مەنىسىنى چۈشىنىپ بىز مەشۇرلاردەك ئېيتالىسا ئېيتسا بولىدۇ... ئۆزۈڭ ناخشا دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن!؟...

—ھەي مەشۇر تىلىڭنى تارت!—داۋۇت كولدۇر تېرىككىنىدىن كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ گۇركىرىدى،—گېپىڭنىڭ تېگىدىن گېپى بار تورلۇق گەپ قىلىسەنغۇ!؟... ياخشىلىقچە كۆتۈڭنى قىسىپ يولۇڭغا ماڭ!...

دېھقان يىگىت ئۇنى پىسەنتىگىمۇ ئىلماي، كۈلگىنىچە ئۆمەر ژۇمۇققا قارىدى:

—ئۆمەركا، ئۆزىچە ماۋۇ نېمەڭ، مېنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش كەپسەنچى كۆرۈپ قالدىمۇ قانداق!؟... ئۆمسەلا گەپ قىلىدىغۇ...

—ھەي ئاغزىڭنى يىغ!... بولمىسا هازىر...

داۋۇت كولدۇرنىڭ گېپى بىلەن تەڭلا، ئادەتتە تېيىپبەگنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ ئۆگەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرقانچىسى ئورنىدىن قىمىرلىشىۋىدى:

ــ ھەي، كۆتۈگىنى قىسىشە! ــ دېگەن ئۆمەرنىڭ قەھرلىك سۆزىنى ئاڭلاپ جىم بولۇشتى، ــ مەن گەپ سوراۋاتسام سەنلەر نېمە ھۆرۈ ـ پۆرۈ قىلىشىسەن!؟...

ئۇ ـ بۇ يەرلەردە يۇۋاشلارنى بوزەك قىلىپ نوچىلىق قىلىپ، بەگلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆگىنىپ قالغان داۋۇت كولدۇرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۆمەر ژۇمۇقنىڭ بۇ «مەشۇر» گە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن يىگىت بېشى مەگسۇر شاگيۇمۇ دەرھال:

ــ قېنى ھە، ئاغىنىلەر بۇ يىگىتكە سورۇندىن ئورۇن بېرەيلى... قېنى يىگىت داستىخانغا مەرھەمەت، ــ دېدى.

يىگىت بېشىنىڭ سۆزى بىلەن سورۇندىكىلەر ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشىپ كېتىۋىدى، ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇزرە ئېيتىپ:

ــ رەھمەت!... مەن مەشەدىلا، سازەندىلەرگە يېقىنراق ئولتۇراي، ــ دېگىنىچە تېپىپەگكە يېنىچە، ئۆمەر ژۇمۇققا ئۇتتۇرمۇ ـ ئۇتتۇر كۆرۈنىدىغان يەردە، پەگادا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

ئۇ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تېخىچىلا ئۆرە تۇرغان ئۆمەر ژۇمۇق قول باغلىغىنىچە قازى بېگى نىزامبايغا قاراپ:

ــ قازى بېگىمنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپلا مەن بۇ دېھقان يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ كەتتىم. بۇ سەۋەنلىك مەن ئۆمەردە... بۇنىڭغا قازى بېگىم قانداق جازا بۇيرۇسا مەن رازى... قارىسام، بۇ يىگىتنىڭ ئاتايىن سورۇنىمىزغا كىرگىنىگە قارىغاندا ئۆزى بىر ناخشىۋەندەك تۇرىدۇ. ئەگەر سورۇندىكىلەرگە مالال كەلمىسە ناخشا ئېيتقۇزۇپ ئاڭلاپ باقمامدۇق!؟...

ــ شۇنداق، ــ دېدى نىزامبايمۇ ئۆمەر ژۇمۇقنىڭ ئۆزىگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ كۆتۈرگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ، ــ مەنمۇ بۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ناخشىۋەنلىكىنى قىياس قىلغانىدىم. ئۇنى ھازىر كۆرىمىز... ئەمدى ئىككىنچى بىر گەپ، سېنىڭ سەۋەنلىكىڭگە بېرىدىغان جازانى كەچۈردۈم. مەن بولسامۇ ھامان شۇلارنى سورىغان بولاتتىم... قانداق دېدىم ئۇتتۇز ئوغۇل!؟...

ــ شۇنداق، شۇنداق بولمايزە... ئۆمەركامنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈردۇق، ئەمدى ئۇنىڭغا ئىجازەت، ــ دېدى يىگىت بېشى مەگسۇر شاگيۇمۇ تېخىچىلا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئۆمەر ژۇمۇقنى قوللىغاندەك قىلىپ.

شۇ تاپتا نودەر گويا بىردىنلا سەكتە بولۇپ قالغاندەك كۆزلىرىنى «مىت» قىلىپمۇ قويماي، دېھقان يىگىتنىڭ ھەرىكىتىگە باقىنىچە سەرخۇش بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۆمەر ژۇمۇقمۇ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەندەك، بىر قولىدا ئۇنىڭ تىزىنى باسقىنىچە ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى دارىبەگ شىربەگ ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان جىملىقنى بۇزۇپ، ــ قازى بېگىمنىڭ دېگىنى بويىچە يېڭى مېھمىنىمىز سورۇندىكىلەرگە بىرەر پەدە چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولسا...

دارىبەگنىڭ سۆزى تۈگۈمەي تۇرۇپلا دېھقان يىگىت يېنىدىكى سازەندىدىن سوراپ تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ھە دېگەندىلا تەمبۇرنى قولىغا ئېلىشى بىلەن پۈتۈن سورۇندىكىلەر: «ھوي، بۇ مەشۇرنىڭ خېلىلا بىگىسسى بارمۇن نېمە؟» دېگەندەك بولۇشۇپ باشقىدىنلا ئۇنىڭغا دىققەت نەزىرىنى تاشلىدى.

ئۇ، تەمبۇرنىڭ يۈزلىكىنى ئاۋايلىغاندەك بىرنەچچە سىلاپ قويدى ـ دە، ئاندىن ئۇنىڭ سازىنى تەڭشىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاق مالىخىيى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرى خۇشلۇقىدىن چاقناپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ، تۆرگە ــ ئۆمەر ژۇمۇق تەرەپكە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ـ دە، گويا بىرىنى ئويغاتماقچى بولغاندەك تەمبۇر تارلىرىغا زەخمەكىنى[25] بىر ـ بىرلەپ چېكىپ چىقىپ، ھەممىسىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئۆزىگە قاراتتى ـ دە، «خانلەيلۇن» نى زوق ـ شوقى بىلەن چېلىشقا باشلىدى... ئۇنىڭ سول قولىنى يېنىك يۇمۇپ، پەدىلەرنى ھەم تولۇق ھەم توغرا بوغۇپ چېلىشلىرى نودەرگە تونۇش ئىدى.

نودەرنىڭ يۈرەك رىشتىنى چېكىدىغان، زەخمەك چەككەندە تارىغان ئۇنتۇلماس سادا ياڭرىدى. ئۇنىڭ

كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىدىغان تونۇش مۇڭلۇق نودەرنى سېھىرلەپ، گاھ خىيالى تەلكىنىڭ داۋانىدا قەپەزگە سولىنىپ كېتىۋېتىپمۇ مەردانىلىق بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقان ئېلاخۇن كۆككۆزگە كەتسە، گاھ خىيالى ئاشۇ ناخشا بىلەن ئۆتكەن گۈزەل چاغلارغا ئېلىپ كېتەتتى...

شۇ كۈنلەردە مۇتربەنىڭ «ساز چېلىشنى ئۆگىنىشى» شۇنچە تېز بولىدىكى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ پەدىلەرنى بېسىشى، پەدىلەر ئۈستىدە قوللىرىنىڭ شۇنچە ئەپچىل ئۆرۈلۈشىغا قاراپ بەزىدە نودەر، مەن ئۇنىڭغا ئۆگىتىۋاتىمەنمۇ، يا مەن ئۆزۈم ئۇنىڭدىن ئۆگىنىۋاتىمەنمۇ؟ ــ دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ مۇتربەگە بولغان ئامراقلىقى تېخىمۇ ئېشىپ كېتەتتى. ئۇ، مۇتربەنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىمۇ بارغانسېرى مەخسۇس مۇتربە ئۈچۈنلا سوقۇۋاتقانىدەك. مۇتربەنى بىر كۈن كۆرمىسە، ئۇنىڭدىن ئايرىلسىلا سوقۇشتىن توختاپ قالىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. ھەتتا ئىش قىلىپ چارچىغاندا تالغان ئاياغلىرى مۇتربەلەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلغاندا يېنىكلەپ قالاتتى. ئەگەر ئۇ، ئۇيات ھېس قىلىپ، باھانىداپ ھەپتىدە ئاران بىر قېتىم بارغىنىنى دېمىسە، كۆڭلى كۈندىلا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىشنى، ئۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈز بىرگە يۈرۈشنى ئىستەيتتى. بەزىدە ئۇ مۇتربەگە مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش نىيىتىدە بېيىتلىرى مۇھەببەتلىك سۆزلەر بىلەن تولغان ناخشىلارنى ئېيتسىمۇ، بىراق يۈزتۇرانە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. ھەتتا ئۇ بىر قېتىم:

قىزىل گۈل ئاراسىدا،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

دېگەن بىر بېيىتنى «دەردىڭ يامان» ھەم «مودەنخان» دېگەن ناخشىغا سېلىپ ئېيتىۋىدى، مۇتربە ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە:

ــ نودەركا، بىر بېيىتنى بېيىت تېپىلمىغاندەك ئىككى ناخشىغا سېلىپ ئېيتتىڭىزا!؟... ئەڭ بولمىغاندا «مودەنخان» غا:

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

دېگەن بېيىتنى سالغان بولسىڭىزچۇ كاشكى... ــ دېدى ــ دە، بېشىنى يانغا بۇراپ قوشۇپ قويغانىدى، ــ مۇشۇنداق چاغلاردا تىلىڭىزنى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئەجەب كالۋالىشىپ كېتىدىكەنسىزا...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نودەرنىڭ تىلى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۆيگە كەلگىچە يول بويى ئۆزىنىڭ بۇ جۈرئەتسىزلىكىنى ئۆزى سۆكۈپ كەلگەنىدى. «ھوي قىز بالا تۇرۇپ ئۆزى ئاغزىمغا سېلىپ بېرىۋاتسا، مەن نېمە دېگەن ئۆلۈك ھوي!... ئاتام مېنى ئوغۇل دەپ تاپقاندىكىن مەنمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئوغۇل بالىدەك (جاڭگىدە) دېمەمدىم...». كېچىسى ياتقاندىمۇ ئۆز-ئۆزىنى كايىپ ئۇيقۇسى كەلمىگەنىدى. ئاخىرى ئۆز-ئۆزىگە «ۋەدە بېرىپ»، «بۇ قېتىم بارغاندا چوقۇم دەيمەن» دېگەنىدى. بىراق، كېيىنكى قېتىم بارغىنىدىمۇ مۇتربەنى كۆرۈپلا ھېلىقى «ۋەدە» سى جۈرئىتىنى يوقىتىپ، يەنىلا ئۇنىڭ مۇھەببەتتىن يېنىۋاتقان ۋۇجۇدىغا، ئېيتىۋاتقان ناخشىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

شۇ ئارىلىقلاردا ئۇ ئىككى قېتىم غېنى ھارۋىكەشكە ئەگىشىپ قورغاسقا مال ئاپىرىپ ــ ئەكەلدى. ئىككىنچى قېتىم بېرىپ كەلگىنىدە، ئۆيىدە كەچلىك تاماقنى يەپ، ئانىسى گۈلزارىخان قاچا-قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دادىسى سونۇر ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى-دە:

ــ ئانىسى سەنمۇ كېلىپ ئولتۇر، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، ــ دېدى.

ئانىسى گۈلزارىخان قوللىرىنى لۆڭگىگە ئېرتىپ كېلىپ، داستىخان سېلىقلىق جوزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دېدى:

ــ شۇنچىۋالا مەسلىھەت سېلىپ كەتكۇدەك قانداق چوڭ ئىشلىرى بار ئىدى؟ ــ

ــ قانداق چوڭ ئىشلىرى بار ئىدى

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەيسەنغۇي!؟... ۋاھ!... ئەر ئۆمرىدە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يەنە قانداق چوڭ ئىش بولماقچىدى!؟...

دادىسى سونۇر ئانىسى گۈلزارىخانغا كايىغاندەك بىر تەرىزدە يەنە بىرقانچە گەپلەرنى دەۋەتتى ـ دە، ئاندىن ئاساسىي گەپكە كۆچتى:

ــ خوش... ، ساڭا مەسلىھەتلەشمەكچى بولغىنىم مۇنداق بىر ئىش قارا... ئىپدە بىرلىرى بىلەن قۇدىلىشىپ ، نودەرنى بۇ يىل ئۆيلەپ قويساقمىكىن دەيمانا؟ ــ ئۇمۇ ئەمدى ئەر يېتىپ بىر ئۆينى بىر قوللۇق تۇتقۇدەك بولدى...

ــ ۋيەي ، نېمە دېگەنلىرى بۇ!؟... بالا تېخى كىچىككۇ؟ ــ دېدى ئانىسى گۈلزارىخان ھەم خۇشال ھەم ئەنسىرىگەن ھالدا .

ــ ھەي ، كىچىك دېگىنىڭ نېمىسى!؟... يېشى يىگىرمىدىن ئاشتى . مەن سېنى قانچە يېشىمدا ئالغانمەن ، بىلەمسەن!؟...

ــ كىم بىلىدۇ دەيدىلا ، ئەيتاۋۇر مەن ئېسىمنى بىلسەم ، سىلى بىزنىڭ كوچىدا باللار بىلەن ۋالىلەي ئويناپ لەگلەك ئۇچۇرۇپ يۈرەتتىلە...

ــ ۋاھ!... ئېسىڭدىكەنا!؟... ئەنە مەن سېنى شۇ ئون سەككىز يېشىمدا ئالغانمەن ، ئون سەككىز يېشىمدا!...

ــ ۋايىيەي دەپ كەتكىنىنى... دادام مېنى بەرمىسە بوسۇغىمىزدا يېتىۋالا چېغىڭىز ، شۇڭا سىزنى بىرنېمە بولۇپ قالمىسۇن دەپلا بېرىۋەتكەن...

ــ ھوي ، داداڭ سېنى بەرمىسىچۇ ، تېكساقالغا[26] ئامراقلىقىڭدىن ئۆزۈڭلا كېلىۋالاتتىڭ دېگىنە!...

دادىسى سونۇر خۇشلۇقىدىن قاقاقلاپ كۈلدى . ئانىسى گۈلزارىخان بولسا:

ــ ھەي ئىزا تارتمايدىغان قېلىن ، ئادەم بار ـ يوق دېمەي ، گېپىم بار دەپ ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدۇ ، ــ دېدى خۇشلۇقنى يوشۇرماستىن ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ .

ــ ھە ، بولدى ، ــ دېدى دادىسى ئەمدى نودەرگە قاراپ ، ــ ھەممىنى ئاڭلىدىڭ ئوغلۇم ، ئەمدى سېنى ئۆيلەندۈرمەكچىمىز . ئۆزۈڭنىڭ ئۇ ـ بۇ يەرلەردە كۆڭلۈڭگە پۈككەن ئېپدە قىزلىرىڭ بارمۇ!؟... ئالدى بىلەن شۇنى سورىۋالاي...

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ يېقىملىق سوئالدىن نودەرنىڭ بېشى سەل گاڭگىرىغاندەك بولۇپ ، يۈزلىرى قىزىرىپ دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەي قالدى .

ــ ئوھۇش... ماۋۇ ئادەمنى... ھوي قويسىلا بالىنى ئىزا تارتقۇزماي... ، ئاغىنىلىرىدىن سورىسىلا بولىدىغۇ!؟...

ــ ھوي ، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ!؟... ئەسلىدە بىلسەڭ ئوغۇل بالا دېگەن بۇرۇن ئېغىز ئاچاتتى . مانا مەن ئۆزۈم دادامغا سېنى ئالىمەن دېگەنمەن...

ــ ۋاي ـ ي ـ ي ـ ي ... سىلى دېگەن سىلى . شۇڭا خەق سىلىنى «سونۇر چاقىقان» دەيدۇ ـ دە... نودەر بىزنىڭ ئالدىمىزدا قاچان بىر مەرتەم پېتىنىپ بىرنېمە دەپ باققان؟... بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ... قېنى سىلە ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا ، كىمنى نودەرگە لايىق تاپتىلا!؟...

ــ قېنى گۈلزارىخان ، سەن ئۆزۈڭ بىر دەپ باققىنا!؟... ماڭا قارىغاندا كېلىن تاللايدىغان ئۆزۈڭغۇ!؟...

ــ ماڭا ئىتتىرىپ قويغانلىرى بىلەن ، دېسەم ـ دېمىسەم ئۆزلىرى ئاللىبۇرۇنلا ۋەلەمكامنىڭ قىزى مۇتىربەنى تاللىدىلىغۇ دەيمەن؟...

ــ ۋاھ!... يەرنىڭ تېگىدە يىلاننىڭ كۆشۈگىنىنى بىلىدىغان خوتۇن جۇمۇ سەن!؟... نەق تاپتىڭ . شۇ ، ئاغىنەم ۋەلەمنىڭ قىزىنى لايىق كۆردۈم . قېنى ئوغلۇم ، سەن نېمە دەيسەن!؟...

شۇ چاغدا ، باياتىن بېرىقى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزلىرىدىن خۇشاللىق ھەم ئەنسىزلىككە تولغان نودەرنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولۇپ ، كۆڭلى ئاپتاپتەك يورۇپ كەتكەندى . شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ھايالىق بىلەن:

ــ بايىلا ئۆزۈڭلار دېدىڭلارغۇ ، «بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ ئېغىزىغا قارايدۇ» دەپ . مەن قاچان بىر مەرتەم سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى يىرىپ باققانمەن ، ــ دېگىنىدە ، دادىسى:

ــ ۋاھ!... مانا ئوغۇل بالا دېگەن!... ئاڭلىدىڭمۇ خوتۇن!؟ ــ دەپ خۇشلۇقىدىن بۆكنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك بولۇپ كەتكەندى...

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار خۇددى ناخشىنىڭ پائۇزىسىدەك قىسقا، مۇقام مەرغۇلىدەك ناھايىتى شېرىن خۇشلۇق ئىلكىدە گويا سەھەردە كۆرگەن چۈشتەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى قىز تەرەپنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ كەلدى. توي ۋاقتىمۇ بېكىتىلدى. شۇ توي بولۇش ئارىلىقىدا ئۇ خۇدسىيارىيۇزلىك ھارۋىكەش بالىلار بىلەن ئۇرۇمچىگە، (ئاتا - ئانىسىنىڭ تويىدىن كېيىن غېنى ھارۋىكەشلەر بىلەن ماڭغىن، دېگىنىگە كۆنمەي) بىر قېتىم قاتناپ كەلمەكچى بولۇپ قالدى.

ئەتە ماڭىمەن دېگەن كۈنى خوشلىشىدىغان چاغدا مۇتىربەگە:

— مۇتىربە مەن بولمىسام يالغۇزلۇقتىن زېرىكمەمسىز؟ — دېۋىدى، ھەيران بولغىنىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە باققان ھالدا:

— ياق!... مەن مونتايدىن مۇتىربەگە ئۆزگەرگەن چاغلىرىمدا سىزسىز تولىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلاتتىم. ئەمدى ئۆزۈمدە ھېچقانداق يالغۇزلۇق ھېس قىلمايمەن. نېمىشقا دەمسىز؟... سىز ياخشى كۆرىدىغان تەمبۇرۇم بىلەن مۇڭدىشىمەن. سىزگە دېيەلمىگەن بارلىق سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىمەن. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئېيتىدۇ - دە، مەن ئۆزۈمنىڭ يالغۇز چېلىۋاتقانلىقىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالىمەن. گويا سىز مېنىڭ يېنىمدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ چېلىپ ئېيتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن سىزنىڭ ئاۋازىڭىز چىقىدۇ. مەن سىزگە قوشۇلۇپ ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە ھەر قېتىمقىدەك يەنىلا بىللە ناخشا ئېيتىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىمەن... سىزچۇ نودەركا؟!... — دەپ نودەرنىڭ كۆزلىرىگە يەنىلا شۇ مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ باققانىدى.

— مەن ھەم شۇنداق، — دېگەنىدى نودەرمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇھەببەتنىڭ شېرىن دەملىرىگە غەرق بولۇپ، — ھارۋىكەشلىك بىلەن ئاۋۇ بىر ئايدالالاردا، چۆللەردە كېتىۋاتقىنىمدا ماڭا ھەمراھ بولىدىغانمۇ سىز، تەشنالىقىمنى قاندۇرىدىغان ئۇسسۇزلۇقۇممۇ سىز، ئېيتىدىغان ناخشاممۇ سىز...

— سىزمۇ شۇنداق ھېس قىلامسىز نودەركا؟!... نېمىشقا ئىككىلىمىز مۇشۇنداق بولىمىز - ھە؟! سەۋەبى نېمدۇ؟!...

— سەۋەبى؟!... بۇنىڭغىمۇ سەۋەب كېتەمدۇ جېنىم؟!... ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى چىن كۆڭلىمىز بىلەن ياخشى كۆرگىنىمىزدىنمۇ ئارتۇق يەنە قانداق سەۋەب بولماقچىدى؟!...

— ياق، نودەركا، توغرى بولمىدى. ئىككىمىزنى بىر - بىرىمىزگە تونۇتقان، باغلىغان، ئاخىردا ئايرىلغۇسىز قىلغان نەرسە، — مۇتىربە ئويماقتەك لەۋلىرىنى ئېچىپ كۈلدى، — بىز ئېيتقان ناخشىلار... بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز... نېمىدېگەن مەنىلىك، نېمىدېگەن چىرايلىق ناخشىلار ھە؟!... بىز بىر ئۆمۈر بىر - بىرىمىزنىڭ يۈرەكلىرىدە ئېيتساق - ئېيتساق تۈگىمەيدىغان ناخشا بولۇپ، مەڭگۈ شۇنداق ئۆتسەك - ھە!؟...

شۇ چاغدا نودەر مۇتىربەنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر ھاياجىنىنى باسالماي:

— جېنىم مۇتىربە!... ئىككىمىزنى بىر ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئايرىۋېتەلمەيدۇ. — دېيىشىگىلا، مۇتىربە دەررۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ:

— سەپەر ئالدىدا ئۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلىپ، ئېغىزىڭىزنى ئۇششۇتمەك؟! بولمايدۇ، — دېگەنىدى.

نودەر راستتىنلا شۇم ئېغىزلىق قىلىپ ئېغىزىنى ئۇششۇتكەنمۇ، يا تەقدىر ئەزەلدىنىنىڭ يازمىشى، پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ ئۇنىڭ سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئۇ شۇ قېتىم، تويغىچە بىر قاتنىۋالىمەن، دەپ خۇدسىيارىيۇزلىك ھارۋىكەش بالىلار بىلەن ماڭغانىدى. ئۇرۇمچىگە بېرىپلا سەيسىگە تۇتۇلۇپ قالدى. بىرەر زامان ئىشلىتىپ قويىۋېتەر، دەپ ئويلىۋىدى، ئۇنداق بولمىدى. بىر كۈنى ئۇلارنى يەنە باشقا سەيسىگە تۇتۇلغان ھارۋىكەشلەرگە قوشۇپ، ھارۋىلىرىغا قورال - ياراق، ئوق - دورا، ھەم يېمەك - ئىچمەك، ئاشلىق باسقۇزۇپ قۇمۇل تەرەپكە ھەيدىدى. ئەسلىدە ئۇ ياقتا جىن شۇرېنىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن قۇمۇلدىن چىققان باھادىر ئەزىمەت خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇشۇۋاتقان ئىكەن. ئېغىر يۈك بېسىلغانىنى ئاز كۆرگەندەك ھەر بىر ھارۋىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەنە ئىككى ـ ئۈچتىن چېرىك ئۆلتۈرۈۋېلىپ، ئامالسىز قالغان ھارۋىكەشلەر ئاتلىرىغا ئىچى ئاغرىپ پىيادە نەچچە كۈنلەپ مېڭىشتى. ئاخىرى ھېرىپ ـ ئېچىپ، ئۇرۇمچى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆتەڭگە يېتىپ كېلىشتى. كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، ھەتتا گەپ قىلغۇدەك ھېچ ماجالى قالمىغان ھارۋىكەشلەرنى ئەتىسى چېرىكلەر بىلەن ئاكوپ كولاتقۇزدى. كېچىسى ئاي يورۇقىدا يەنە كولاتقۇزدى. قەيەردىدۇر بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى توشۇغۇزدى. ئۆزلىرىنى ھايۋان ئورنىدا پەس كۆرۈپ، يول بويى سالغان زۇلۇملىرىدىن بۇ مۇتتەھەم قانخورلاردىن ئەمدى ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن نودەر، ھەمسەپەر ھەمراھلىرىغا قېچىپ كەتمەكنى مەسلىھەت سالغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت نودەرلا غۇلجىلىق ئىدى. قالغانلىرىمۇ ھەر يەر، ھەر يەرلىك ئىدى. قاچماقچى بولغان كۈنىنىڭ ئاخشىمى بىر سىرتىقچىنىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن ئاشكارىلىنىپ قالدۇ. نودەر ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا چېتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ يېتۋالغاچقا نودەر يالغۇزلۇق قىلىپ قالدى. ئون نەچچە چېرىك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مىلتىقىنىڭ پاينەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ ـ دەسسەپ ياتقۇزىۋېتىدۇ. نودەردىن ئوبدانلا تاياق يېگەن چېرىكلەردىن بىرى ئون ـ ئونبەش قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يەنىلا بولدى قىلماي نودەرگە قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتقان بولسىمۇ تەگكۈزەلمەيدۇ. ئۇ تېخىمۇ جىلە بولۇپ يەنە ئاتماقچى بولغىنىدا ئىككىنچى بىر چېرىك، «ئۆلۈپ بولغان ئادەمنى يەنە نېمىگە ئاتىۋېرىسەن؟» دەپ ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بولسىمۇ، ئۇ جاھىللىق قىلىپ يەنە ئاتماقچى بولغىنىدا يېقىنلا يەردىن ئاتلىق باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ مىلتىقىنى تاشلىغىنىچە بەدەر تىكىۋېتىدۇ...

نودەرلەرنىڭ ئارقىسىدىنلا كەلمەكچى بولغان چېرىكلەر بىلەن قالغان غۇلجىلىق ھارۋىكەشلەر، بۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلغان چېرىكلەر بىلەن ئات ـ ھارۋىلىرىنى تاشلاپ قاچقان ھارۋىكەشلەردىن نودەرنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلايدۇ.

نودەر ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى تاغلىقلارنىڭ بىر كىگىز ئۆيىدە كۆردى. ئۇنىڭ بېشىدا كەڭ غوللۇق بىر بوۋاي بىلەن ئۆزى دېمەتلىك بىر يىگىت ئۇنىڭغا قارىشىپ ئولتۇراتتى.

ـ يا رەببىم، ئاخىر ھوشىغا كەلدى، ـ بوۋاي ئاللاغا ئاتاپ شۈكرى ـ سانا ئېيتقىنىچە نودەرگە ئېيتتى، ـ تەلىيىڭ بارىكەن ئوغلۇم. مانا ئاخىرى بىر ئۆلۈپ تىرىلدىڭ... ئاللا بۇيرۇسا ئەمدى ساقىيىپمۇ كېتىسەن...

شۇنداق قىلىپ نودەر بۇ تاغلىق بوۋاينىڭ تاغلىقلارچە داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق يېتىپ، ئاخىرى يەر دەسسەپ مېڭىپ كەتتى.

ئەسلىدە شۇ كېچىسى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ، ئىككى تەرەپتىن جىن شۇرېننىڭ چېرىكلىرىگە ھۇجۇم قىلغانىكەن. ئەتىسى جەڭ مەيدانىنى تەكشۈرگەندە ئىڭراپ ياتقان نودەرنى بوۋاي بىلەن ئوغلى قۇربانىنياز كۆرۈپ قېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەنىكەن. نودەر رەسمىي ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قۇربانىنياز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. قۇربانىنىياز شۇ يەرلىك تاغلىقلارغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، قورقۇمسىز، جىگەرلىك يىگىت ئىدى. بىر كۈنى نودەر بىلەن قۇربانىنىياز ئىككىسى بوۋاينىڭ خوجىنىيازغا تېز يەتكۈزۈڭلار دېگەن مۇھىم ئاخباراتىنى تاغقا ـ خوجىنىياز ھاجىغا يەتكۈزۈپ قايتىپ كەلگىنىدە بوۋاي ـ موماي، ھەم قۇربانىنيازنىڭ بويىغا يەتكەن سىڭلىسى قانغا بويۇلۇپ ياتاتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ قۇربانىنىياز بىلەن نودەر ئىككىسى ئۇلار ئۈچۈن ئىنتىقام ـ قىساس ئېلىشچۈن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇ يىلى قىشتىكى قاتتىق سوغۇق، ئوق ـ دورىسىنىڭ يېتىشمەسلىكى، قورشاۋ ئىچىدىكى ئاچارچىلىق ئۇرۇش قىلغاندىنمۇ بەتتەر ھالسىرىتىۋەتتى.

ئادەمدە بىر ئۈمىد، ئىشەنچ، ئىنتىقام ئېلىشچۈن تىكلەنگەن بىر غايە بولسىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ئاچ قالغىنىنى، چارچىغىنىنى، كېلىۋاتقان ئۆلۈمدىن قورقۇشنى بىلمەيدىكەن. قۇربانىنىيازغا ئوخشاش نودەرنىڭ دەسلەپكى نىشانى، ئەشەددىي قانخور

چېركىلەردىن قىساس ئېلىپ، ھۆكۈمەت بېشىدىكى زالىملارغا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئادەمدەك ياشاشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. ھەم شۇ ھەق يولدىكى غايىسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جېنىنىمۇ ئاتتۇەتكەنىدى...

بىراق، كېيىن... نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟!... ئەيتاۋۇر، بېرىپ ـ بېرىپ بۇ ئىشلار چۈشىنىكسىزلا بولۇپ كەتتى. ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋەكىل، مەسلىھەتچى بولۇپ كېلىشىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بېشىنى گاراڭ قىلىۋەتتى. تۇرۇپلا ما جۇڭيىڭ دېگەن بىلەن بىرلىشىپ، جىن شۇرېنىنىڭ چېركىلىرىگە قارشى ئۇرۇشسا، تۇرۇپلا جىن شۇرېنىنىڭ چېركىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ما جۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە توپ ئوقلىرىنى ئېتىشىپ بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلاتتى. قانداقتۇر بىر قوللار خوجىنىياز ھاجىنى گاھ ئۇ ياققا، گاھ بۇ ياققا يېتەكلەپ يۈرگەندەكلا قىلاتتى.

ئەمدى نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى قۇربانىنىيازمۇ، نودەرمۇ بىلمەيتتى. ئادەم ئۆلۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، خۇددى شاگيۈەنىڭ ئېتىزلىقىدىكى بۇغدىينى ئورۇپ سول ئېلىپ، ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندەكلا بىر ئىش ئىدى...

شۇندىن كېيىنكى ئىشلار ئويغىنىپ كېتەلمەي كۆرۈۋاتقان قاباھەتلىك چۈشكىلا ئوخشايتتى. شۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە، ما جۇڭيىڭنىڭ پىلموتچىكى ئاتقان ئوقتىن، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، قايتا ھاياتلىق بېغىشلىغان نىجاتكار، قەدىناس دوستى قۇربانىنىياز بىلەن تەڭلا يىقىلدى. قايسىدۇر بىر چاغلاردا كىمدۇ بىرسىنىڭ جۆيلۈگەندەك پىغانلىق ئېسەدەشلىرىدىن ھوشىغا كەلگەن نودەر ئۆزىنىڭ كونا بىر قەبرىستانلىقتا دوستى بىلەن بىرگە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارغا قاراپ گويا خىزىردەك چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان شەيخ سۈپەت بىر ۋىجىك بوۋاي ئازابلانغان ھالدا قايغۇرۇپ ئولتۇراتتى.

نودەرنىڭ يارىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئوق تېگىپ يىقىلغان ئېتىنىڭ ئاستىدا قېلىپ

بىرقانچە قوۋۇرغىسى سۇنغانىدى. قۇربانىنىيازنىڭ بولسا بىرقانچە يېرىگە ئوق تەگكەن بولۇپ، ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. ئۇ جۆيلۈگەندەك بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى:

ــ ھاجى ئاكامزە... گەدىسگە گۆپا قىلمىدى... پۇقرا بىلەن... بىر... بولۇرمەن... دېگەنىدى. بولمىسىزە...، ـ دەپ يەنە بىر سۆزنى دېگىنىچە ئاخىرى جان ئۈزدى...

نودەر ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۇزۇنغىچە يىغلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەر ئۆمرىدە شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن كېيىن بىرىنچى قېتىم يىغلىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يىغىسىدا دوستىغا بولغان ئېچىنىش، ھەسرەت، دەسلەپكى ئەقىدىسىگە باغلىغان ئىشەنچىنىڭ سۇسلاپ، يوقىلىشىدىن بولغان ئۈمىدسىزلىك، نادامەتلىك ئۇن بار ئىدى. شۇ تېرىقىدە ئۇ ئۇزۇن يىغلىدى ئاخىرى ئۇ مويسىپىت بوۋاينىڭ مۇڭلۇق قىرائەت قىلىشى بىلەن ئۇ يىغلاشتىن توختىدى. قىرائەتتىن كېيىن بوۋاي ئۆزىمۇ ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا شۇنداق دېگەنىدى:

ــ ئوغلۇم، ئەمدى يىغلىغانىنىڭ پايدىسى يوق. ئۆزۈڭ دوستۇڭغا سادىق، قەيسەر يىگىت كۆرۈنىسەن... ئويلاپ كۆردۈڭمۇ، بۇ بىھۇدە قان تۆكۈشلەر كىمگە پايدا؟!... مەنمۇ ئۈچ ئوغلۇمنى بۇ قوشۇنغا قوشقان ئىدىم. ئۇلار بىزگە بەخت ـ سائادەت، تىنچ ـ ئاسايىشلىق كۈنلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىزنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيدىغان، بىزگە ئىتقا ئوخشاش ھۆرۈپىپ قاۋايدىغانلارنى، بىزگە كۈلۈپ قارايدىغان، بىزنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئۈچ ئوغلۇم شۇ يولدا شېھىت بولدى. بۇنىڭغا ئېچىنمايمەن. لېكىن، ئويلىغانلىرىم قۇرۇق خىيال بولۇپ قالدى... ئەمدى سەنمۇ ئوغلۇم، نېمە قىلاي دەيسەن؟ يەنە ئۇرۇشقا باراي دەمسەن؟!... ئەسلىدە خوجىنىيازمۇ، ما جۇڭيىڭمۇ دۈشمەنگە خەتەرلىك بولغان ئىككى يولۋاس ئىدى. بۇلار ھازىر بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئېنىقكى، ئۇلاردىن بىرى بۇ ئېلىشىشتا ئۆلىدۇ. يەڭگەن ئىككىنچىسى بولسا پۇتۇنلەي ماغدۇرىدىن كېتىدۇ. ئەمدى ئۇنى ھەقىقىي دۈشمىنى كۈچىمەيلا يىقىتىپ يەۋېتىدۇ...

شۇ تاپتا نودەر ئۆزىمۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ، مويسىپىت بۇ بوۋايغا ئوخشاش ئاقىلدار بىر ئادەمنىڭ چۈشەندۈرىشىگە، يېتەكلىشىگە مۇھتاج ئىدى.

— ئالدى بىلەن يارىڭ ساقايسۇن ئوغلۇم، — دېگەندى بوۋاي، نودەرنىڭ كۆڭلىدە كەچكەنلىرىنى ھېس قىلغاندەك، — ئاندىن ئۆزۈڭ بىر بىكىمگە كېلەرسەن... شۇڭغىچە مېنىڭ بۇ غەمخانەمدە يېتىپ تۇرارسەن...

— قوللىرىڭغا دەرد كەلمىسۇن!...

— پاھ، پاھ، پاھ، ياشاپ كەت، ئوكا، ياشاپ كەت!...

— ھەي مەشۇر، ناخشىسىدىن دەيمەن، ناخشىسىنى!؟...

— ناخشىسىنى قوشۇپ ئېيتىۋەتكىنا ھوي!؟...

سورۇندىكى، تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن بۇ ئۈندەشلەردىن نودەرنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى. ئۇ كۆز قارىچۇقىدا تۇرۇپ قالغان ياشلىرىنى تۇيدۇرماستىن ئالقىنى بىلەن سۈرتىۋەتتى. «دېھقان يىگىت» نىڭ تەمبۇر بىلەن «خانلەيلۇن» نى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىشى سورۇندىكىلەرنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ سورۇندىكىلەرنى «خانلەيلۇن» نىڭ تەمبۇردىكى مۇڭى بىلەن يېتەكلەپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. شۇڭا سورۇندىكىلەرنىڭ «ناخشىسى بىلەن» دېگەنلىرىنى نەزەردە تۇتقاندەك، يەنىلا تەمبۇر بىلەن مۇزىكىسىنى «لەيلۇن» گە ئۇلىۋەتتى - دە، ناخشىنى باشلىۋەتتى.

لەيلۇن (1)

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرەكىم پارە.
دەرد كەلسە بۇ باشىمغە،
تارتماسقا نېمە چارە.

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتىپ،
يارىمدىن جۇدا بولدۇم.

2 - ئۆزگىرىش:
ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتىپ،
يارىمدىن جۇدا بولدۇم.
يايرىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

3 - ئۆزگىرىش (ئەي نادان 1 -)
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق، (ئەي نادانەي)
ئايرىلماسقا دوست بولغان.
زېمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، (ئەي نادانەي)
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

4 - ئۆزگىرىش (نادان 2 -)
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلسەم،
ئۇنۇمدىن تونۇغان يايرىم.
جاپايىمنى تولا تارتىپ،
ھالاۋەت كۆرمىگەن يايرىم.

5 - ئۆزگىرىش
ئەمدى مەن قانداق قىلاي
چوركان خېنىم يار دەردىنى
(ۋاي يار سېنىڭ دەرد - دەردىگەي)
يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۆچقۇنچە يوق.

6 - ئۆزگىرىش (داگەنزە)
ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۆچقۇنچە يوق.
يايرىمنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
(ئا - يۈگۈرۈپ چىقاي - يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن)
يارى يۈرگەن كوچىلارغا،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

7 ـ ئۆزگىرىش (شەرۋانخان)

يارى يۇرگەن كوچىلارغا،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.
ئاقمۇ ئايدەك كېچىلەر،
ئاپپاقمۇ ئايدەك كېچىلەر.
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ،
يار بىلەن يۇرگەن كوچىلار.

«دېھقان يىگىت» ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چەبيات مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستان مەرغۇلى بىلەن چۈشۈردى ـ دە، سورۇندىكىلەرنىڭ «ئاپىرىن» ئوقۇشۇپ ماختاشلىرىغا ئىرەنسىمىگەندەك قىياپەتتە ئورنىدىن تۇردى.

ــ تەلپىگىلار بويىچە مەن «مەشۇر» نىڭ ئېيتقىنى مۇشۇنچىلىك. قېنى ئەمدى سىلەردىن بولسۇن. قارىسام، ــ دېدى ئۇ بىردىنلا نودەرگە باققىنىچە، ــ قارىسام ئۆمەركامىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاكىمزمۇ ناخشىۋەندەك قىلىدۇ، شۇ ئاكىمىز «ۋادەرىخا» نى بىر ئېيتىپ بەرگەن بولسا...

«دېھقان يىگىت» نىڭ سورۇندىكىلەرنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، نودەردىن ناخشا تەلەپ قىلىشى، ئۇنى تېخىمۇ بىر سىرلىق ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى:

ــ ھوي، ھوي!... مۇنۇ مەشۇر نودەرنىڭ ناخشىۋەنلىكىنى نەدىن بىلىۋالدى ھوي!؟...

ــ قاراڭلارا بۇنى، بىر قاراپلا بىلىۋاپتۇ...

ــ ناخشىۋەن ناخشىۋەننى تونۇيدۇ ـ دە.

ــ تونۇمايزە!؟... خۇدا ئۇلارنىڭ دىلىغا سالغان ـ دە!؟...

ــ بولدى ھەي، خەپشۇك!ــ يىگىت بېشى مەگسۇر شاگىۋنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سورۇندىكىلەر جىم بولۇشتى، ــ قېنى ئەمسە ئوتتۇز ئوغۇل بۇ ئىنىمىزنىڭ دېگىنى بويىچە ئىنىمىز نودەربەگ «ۋادەرىخا» نى ئېيتىپ بەرسۇن؟... قانداق دېدىم!؟...

ــ ۋاھ!... بەلەن گەپ بولدى بۇ!...

ــ «ۋادەرىخا» دېگەن ناخشىلارنىڭ نوچىسى ئۇ!...

ــ ما، مەشۇرمۇ چىك يەردىن تۇتتى جۇمۇ!...

ئۆمەر ژۇمۇق نېمىشقىدۇر خۇش بولغىنىدىن نودەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇۋېدى، نودەر جىددىيلەشكەندەك بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرغىنىچە سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىگىت بېشىغا مۇراجىئەت قىلدى:

ــ بوپتۇ، بۇ ئىنىمىزنىڭ كۆڭلى شۇ بولسا ئېيتىپ بېرەي. ئەمما مېنىڭمۇ بىر تىلىكىم، تەمبۇرنى مەن چالىمەن. بۇ ئىنىم دۇتار بىلەن ماڭا ياندىشىشۇن!؟...

ــ مەيلى... ئەمما ئاكىمىز ئۆزى ناخشىنى يەك نەپەس ئېيتىدۇ، باشقىلار ئارىلاشمىسۇن...

سورۇندىكىلەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرگە قاراپ، ئەمدى بۇ ئىككىسى ناخشىدا رەسمىي تۇتۇشىدىغان بولدى، ــ دېيىشىپ، كەيپىلىككە تولغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ ئۇلارغا قىزىقسىنىپ قاراپ ئولتۇرۇشتى.

نودەر «دېھقان يىگىت» نىڭ قېشىغا ھودۇقۇپ دېگۈدەك ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئۈن ـ تىنسىز سالاملاشقاندەك بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئاۋايلاپقىنە ئالدى. «دېھقان يىگىت» مۇ ئۇنىڭ رايىغا مۇلايىملىق بىلەن باققىنىچە دۇتارنى ئېلىپ تەمبۇرگە سازلىدى. سازلار تەڭشىلىپ تەمبۇرگە زەخمەك چېكىلدى ـ دە، نودەرنىڭ «بايات مۇقامى» بىلەن باشلىنغان خۇش ـ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرىدى:

ئەدەپنىڭ لىباسىنى كىيگىل، ئەدەپتىن ياخشى زىننەت يوق،
كىشىكىم بىئەدەپ بولسا، ئۇنىڭدا ئەسلا خىسلەت يوق.
بىلىپ ئەۋزەل ئۆزۈڭدىن خارۇخەسنى پەرۋەرىش ئەيلە،
تەكەببۇر ئەيلىگەنگە ھەق قاتىدا ئەسلا قۇربەت يوق.
«پالان ئوغلى پالانمەن» دەپ ئۆزۈڭگە پەخرى ناز ئەتمە،
ئەمەل لازىم سەيدلىك ـ خوجىلىققا ئەسلا ھۆرمەت يوق.
ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ «دوزاخ ئوتىنى ياقما جانىڭغا،
بۇ ئالەم ھەم ئۇ ئالەمدە تەكەببۇرلارغا ئىززەت

يوق.

تاپاي ئۇلپەت دېسەڭ ھەققە، پىرى كاملنى ئاختارغىل،

ئۇلارنىڭ سۆھبىتىن تاپماي كىشىگە ئەسلا لەززەت يوق.

سورار مەھشەر كۈنى ئەئمالدىن، ھەرگىز نەسەب سورىماس،

ئەمەل قىلماي، قۇرۇق سەيد بولۇپ يۈرمەككە رۇخسەت يوق.

ۋادەرىخا (1)

ۋادەرىخا دەردى بىلەن،
مەن ئادا بولدۇم نىتەي.
ئايجامال جانانىدىن،
ئۆلمەي جۇدا بولدۇم نىتەي.

2 ـ ئۆزگىرىش:

باغۋەن بېغىڭنى ئاچقىن،
مەن نىگارىمنى كۆرەي.
سايىدا كۆزى خۇما،
مەستانە يارىمنى كۆرەي.

3 ـ ئۆزگىرىش:

باغلىرىڭنى سەيلەپ ئېتىپ،
ئارغامچا سالدىم دار (ى) غا.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن،
يالغانچى بولدۇم يار (ى) غا.

4 ـ ئۆزگىرىش:

تېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى.
(بېشىمدىن ئاپتاۋەي ئايارەي ئۆتتى)
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

5 ـ ئۆزگىرىش:

لېۋىڭنى لەھلدىنەي ئايارەي دەرلەر،
چىشىڭنى ئۈنچىدىنەي ئايارەي دەرلەر.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسەڭ،
بۇ كىمنىڭ دىلبىرى دەرلەر.

6 ـ ئۆزگىرىش:

يايرىم سەن، نىگارىم سەن، دوستلار،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

7 ـ ئۆزگىرىش: گۈليار

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى،
خويمۇ سېغىندىم مەن سېنى.
سەن قەيەرىڭدە سېغىندىڭ،
مەن يۈرەكىمدە سېنى...

ناخشا تۈگەپ مەرغۇلى چېلىندى. «دېھقان يىگىت» دۇتار بىلەن تەمبۇرگە شۇنداق ماسلىشىپ ياڭداشتىكى، ھەتتاكى ياندا ئولتۇرغان مەشرەپنىڭ سازەندىلىرىمۇ ئېغىزلىرىنى ئاچقىنچە تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ قېلىشتى. قازى بېگى نىزامباي بولسا تېخىمۇ ھەيران بولغىنىچە يېنىدىكى يىگىت بېشى مەگسۇر شاگىۋ بىلەن دارى بېگى شىربەگكە:

ــ پاھ، پاھ، پاھ!... بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ماس كەلگەن كارامەت بىر جۈپلەر ئىكەندە... مۇشۇنداق بىر جۈپلەر بولىدىغان بولسا، مەشرىپىمىز گۈل ـ گۈلگە كېلىپ كېتەتتى ـ دە، ـ دېيىشىدى، شىربەگ:

ــ قاراڭلارا، تېيىپبەگنىڭ بېشى چۈشۈپلا كېتىپتۇغۇي، ـ دېدى.

ــ «مۇنداقمۇ ناخشا ئېيتىدىغانلار باركەنا!؟» دەپ ناخشىنىڭ مۇڭىدىن مەس بولۇپ كەتتى، ـ دېدى مەگسۇر شاگىۋ ھەزىل ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ.

تېيىپبەگ بىر مەستخۇشلۇق ئىچىدە باشلىرى گاراڭ بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۈگۈن بەكرى بايۋەچچىنىڭ ئۆيىگە نەچچە كۈندىن بېرىقى خاپىچىلىقى بىلەن باشقىلاردىن بالدۇرراق كەلگەچكە، ئىچىدىكى ئەلەمنى بېسىش ئۈچۈن بەكرى بايۋەچچىگە دەپ خېلىلا مۇسەللەس ئىچىۋالغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر «داگگال» نىڭ ئۇنىڭ ناخشىسىنى مەسخىرە قىلىپ كىرىشى ئۇنى تېخىمۇ بىزاۋىتە قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇ ھېلىقى «داگگال» ساز چېلىۋاتقاندا «غىپپىدە» سورۇندىن چىقىپ، يەنە

مۇسەلەستىن ئوبدانلا ئىچىپ كىردى. ئەمدى ئۇنىڭ كەيپى تېخىمۇ ئېشىپ كۆزلىرى تورلىشىپ كەتكەندى. ئۇ قانداقتۇر بىر نېمىنى ئەسكە ئېلىشقا تىرىشاتتى - يۇ، لېكىن پەقەتلا ئېسىگە ئالالمايۋاتاتتى. ئۇ ھازىر ناخشا ئېيتقان بۇ «داڭگال» نى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك، ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ بىردە ئاڭلىغاندەك قىلاتتى - يۇ، بىراق، پەقەتلا ئېسىگە ئالالمايتتى.

ئارىلىقتا ئۇ داۋۇت كولدۇرنى كوچىغا چىقارغۇزۇپ بۇ «داڭگال» نىڭ ھارۋىسىنىڭ بار - يوقلىقىنى بىر ئېنىقلاتقۇزۇپمۇ كىردى. ئىككىنچى قېتىم نودەر بىلەن «دېھقان يىگىت» نىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئۇلگۇرۇپ داۋۇت كولدۇر يەنە بىر قېتىم چىقىپ كىرگىنىدە، ئۇنىڭ قورساق سالغان، كېلەڭسىز يوغان ئىسكەتى بىلەن ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇرغان گۇللۇك ئۇزۇن ئىشتانبېغى، راسا قىيامىغا كەلگەن چاقچاقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئانچە دىققىتىنىمۇ تارتماستى، بۇ ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقان «دېھقان يىگىت» كە بايىقى قىلغانلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قالغانىدى. «ئېشەك»، «دىۋانە» لەقەملىك ئىككى چاقچاقچى داۋۇت كولدۇرنى ۋاستە قىلىپ گاھ ئۇنى، گاھ بىر - بىرىنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

چاقچاقنى ھەر قېتىمقىدەك قاسىم توك باشلىدى:

—پاھوي!... ئاغىنىلەر ھەي قاراڭلارا، ماۋۇ داۋۇت، سىلىڭبۇنىڭ ئالدىغا قويغان پوتەيگىلا ئوخشايدىكەن!؟...

—شۇنى دەيمەن،—دېدى ئىككىنچى بىرى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا،—ئوگدىسىغا ياتقۇزۇپ قويسا، خەنزۇلارنىڭ چېلىپ ئوينايدىغان دۇمبىقىغىلا ئوخشايدىكىنا بۇ!؟...

سورۇندا كۆتۈرۈلگەن قىيقاس - كۈلكە ئىچىدە چاقچاق بىردەممۇ توختاپ قالماستىن ئارقا - ئارقىدىن ئېيتىلىشقا باشلىدى:

—قاراڭلارا تۇرقىغا، نېمدېگەن «كېلىشكەن»!... ئادەم دېگەندە قەددى - قامەت مۇشۇنداق بولمامدۇ!؟...

—ھە مانا!... مال بېقىپ بورداقچىلىق قىلغان ئادەم مۇشۇنداق بولىدۇ...

—سەمەرگىنىگە قارىغاندا مالغا بېرىدىغان ھەلەپنى ئۆزى يەۋالغان نېمىغۇ بۇ!؟...

—مىجەزىگە قارىغاندا ھەلەپنى ئىگىسىدىن يەپ، قوشنىلىرىغا قاراپ ھاڭرايدىغان نېمىغۇ بۇ!؟...

—ۋاھ، كارامەت ئىشتانبېغى باركەنا بۇنىڭ، دىۋانىنىڭ گۇللۇك خۇرجىنىدەك گۇللىرىدىن ئۆرگىلەي!...

—ئىشتانباغمۇ بۇ، قازاقلارنىڭ كەرەگە باغلايدىغان ئارقىنىمۇ!؟...

—ھېلىقى بورداۋاتقان ماللىرىنى باغلايدىغان ئارقانغۇ بۇ!؟...

—بالىلىرى قەغىشلىك قىلىپ كەتسە، مۇشۇنىڭ بىلەن گۇلەڭگۈچ ياساپ بېرىدۇ ئۇ!...

—قازانچىنىڭ خوتۇنلىرى كۆرۈپ قالسا، تالىشىپ تۇرۇپ كىر يايىدىغان ئارقان قىلىۋالىدۇ دەڭلا بۇنى!...

—تۇرقىغا قارىغاندا تومۇزدا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، «توشۇيدىغان قار بارمۇ؟» دەيدىغان بىرنېمىغۇ بۇ!...

—تۇل خوتۇنىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان نېمە ئۇ!... ئەمدى سەمرىۋاتىدۇ. يە تۇغمايدۇ، يە كۈرۈك بولمايدۇ. خىچىر مىجەز نېمە ئۇ!...

—شۇ...، خۇرجۇن كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ كەينىگە ئەگىشىۋالىدىغان نېمىدەك تۇرۇدىغۇ بۇ!؟...

—تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۈرگىچە دۇئاسىنى ئېلىۋالاي دېگەن بىرنېمە بۇ!...

—بۇنىڭغا دۇئا يۇقمايدۇ، ھۈنەرنى ئۆگىنەي دېگەندە!...

—بۇنىڭغا ھۈنەر توشامدۇ!؟... ئىككىلا تاياق تەگسە ھۈنەرنى ھەلەپكە قوشۇپ يەۋېتىدۇ ئۇ!...

—ئۆزىنىڭمۇ ياخشى ھۈنىرى بار، خوتۇنلارنى كۆرسە بوينىنىڭ يوغانلىقىغا قارىماي، ئورۇسنىڭ خورخور ئىتىدەك كۇچۇكلىنىپ كېتىدۇ ئۇ!...

—ئاله شەرىڭنى!... بۇنى باشقا جانىۋارلارغا ئوخشاتساڭ بىر نۆرى، بۇنىڭ بۇرۇتىلا خورخوردەك تۇرسا...

—ھېلىمۇ شۇ بۇرۇتى بولغاچقىلا خورخورغا ئوخشاتقان گەپ. بولمىسا دىۋانىغا ئوخشاپ قالامدۇ!...

—خاتا چۈشىنىپ قالما ئاداش، ئۇنىڭ بۇرۇتىنى دەۋاتىمەن، قۇيرۇقۇڭغا قىياس قىلىپ قالما جۇمۇ!؟...

—ئەمما، بېقىش تاپسا كارامەت ئىت بولىدىكەندە... ئورۇس خوتۇنلىرى مۇشۇنداق ئىتلارغا

ئامراق!...

— ئۆتكەندە ئورۇس كونسۇلى، مۇشۇنداق ئىت بولسا ئالالتتۇق، دەپ كوچىغا چىقىپتىكەن. ئۇخماپتۇقتە، بولسا شۇنىڭغا ساتاتتۇقكەن!...

— ئورۇسلارنىڭمۇ ئۇنى تاللىغىنىغا قارىغاندا ئىتلارنىڭ كونسۇلى قىلاتتىكەندە!...

— ئورۇس بولكىسنى يېگەندىكىن باشچىقلا ھاۋشىيدىغان بولۇدۇ ــ دە، بۇ.

— ئۇ چاغدا بىزدەكلەرنى كۆرسە نەق ئىتلىقنى قىلىدۇ بۇ!...

چاقچاق شۇ تەرىقىدە ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋاتقاندا، بىردىنلا تېپپەكنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىچە ۋارقىرىغان ئەنسىز ئاۋازى سورۇن ئەھلىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى:

— ئاغىنىلەر، خوتۇنۇم... مېنىڭ خوتۇنۇم قېچىپتۇ...، بايامقى ناخشا ئېيتقان مېنىڭ خوتۇنۇم... ئۇنى ھېلىقى نودەر دېگەن ئېلىپ قېچىپتۇ... ۋاي خوتۇنۇم... خوتۇنۇمنى تېپىپ بېرىڭلار...

سورۇندىكىلەر ھاڭ ــ تاڭ بولۇشقىنىچە، تېپپەكنىڭ يېقى ئاينىغان سالاڭلاردەك سورۇننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ ۋارقىراپ، سەكرەشلىرىگە قاراپ قېلىشتى.

— ھوي تېپپەك، تېپپەك!...

داۋۇت كولدۇر باشلىق بىرقانچىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولۇشتى.

— چېكمۇالغانمۇ نېمە؟ خۇدنى بىلمەيدىغۇ!؟...

— ھەي ياقەي، ــ دېدى بەكرى بايۇەچچىمۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، ــ شۇ بىر مۇسەللەس ئىچكەندەك قىلىۋىدى...

— مۇسەللەسكە ئۈنچىلىكمۇ مەس بولۇپ كەتمەس... باشقىچە بىر ئىش بولدىمۇ يە!؟...

— ھەي، ھەي ئاغىنىلەر، بۇ نېمە ئىش!؟... ئۆمەركامۇ، نودەرمۇ يوق تۇرىدىغۇ!؟ ــ دېگەن بىرسىنىڭ سۆزى بىلەن ھەممىسى تۆرگە، ئاندىن سازەندىلەر ئولتۇرغان پەگاغا قاراشتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدا كۆرۈنمەيتتى...

2010 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى. غۇلجا

---

[21] زايىمكا ــ ئىلى دەرياسى بويىدىكى سەيلىگاھ.

[22] سېسىق كۆل ــ ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ئورنى.

[23] گوجەي ــ پۇتنىڭ تىزدىن ئۇشۇققىچە بولغان قىسمىغا ــ پاقالچىكىگە ئورۇلىدىغان ئېنى تار، ئۇزۇن، قېلىن رەختتىن ياسالغان گوجەي.

[24] مەشۇر ــ شۇ دەۋردىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ يېزىلىقلارنى كەمستىپ «مەشۇر»، «سونۇر» دەپ ئاتىشى.

[25] زەخمەك ــ راۋاپ، ماندالىن، تەمبۇر قاتارلىق تارلىق ھەم سىمتارلىق سازلارنى چېلىشتا ئىشلىتىدىغان تىلسمان ئەسۋاپ. شۇ يىللاردا تەمبۇرنى زەخمەك بىلەن چېلاتتى. ناخۇن بىلەن چېلىش كېيىنكى يىللاردا باشلانغان.

[26] تېكساقال ــ دالادا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ شىرنىسىنى يىغىپ قولدا ياسىۋالىدىغان سېغىز. ئاياللار ئۇنىڭغا ئامراق كېلىدۇ.

(ئاپتور ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئارامغا چىققان)

مەسئۇل مۇھەررىر: شاكىرجان ئىلاجى




مەن 1984 - يىلى 7 - ئايدا چاپچال ناھىيە قوغۇنچى يېزىسىدا تۇغۇلدۇم. كىچىكىمدە شېئىر ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدىم. كېيىن شېئىر مېنى تۇرمۇشتىكى ئازاب ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تارتىپ چىقىپ خۇشپۇراق گۈللەر ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويدى. 2007 - يىلى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرىم ھاياتىمغا ئۈمىد بەخش ئەتتى. شۇندىن بۇيان شېئىر مېنىڭ سىرداشىم. دېمەك شېئىر مەندىن ۋاز كەچمىسىلا مەن شېئىردىن ۋاز كەچمەيمەن.

## زاراڭزا گۈلى

زاراڭزا گۈلى، زاراڭزا گۈلى،
سانچىمىغىن تىكەنلىرىڭنى.
ئاپتاپقا قاقلىدىم سېغىنىشىمنى،
يۈرەككە سانچىلسا مۇھەببەت ئوتى.

زاراڭزا گۈلى، زاراڭزا گۈلى،
سەزمەكتىمەن رەزىل مېھرىڭنى.
بار سەندە بۆلتۈرقى يارىمنىڭ ھىدى،
ئاھ، شۇنچە بۇرۇقتۇم كەپىنىڭ ئىچى.

زاراڭزا گۈلى، زاراڭزا گۈلى،
ئوغرىلىۋال خىياللىرىمنى.
سۈرەتكە تىكىلىپ ئەسلەيمەن يارنى،
ئاھ، شۇنچە بۇرۇقتۇم كەپىنىڭ ئىچى.

زاراڭزا گۈلى، زاراڭزا گۈلى،
شاماللارغا بەرمە سىرىمنى.
شۇنچە ئاچچىق بولسىمۇ ئازاب،
كۆز يېشىمنى يوشۇرغۇم كەلدى.

## ئۆرۈك سېلىش

كۆمۈلمەكتە تۇپراق باغرىغا،
ئوماق ھەم رايىش تاۋۇز ئۆرۈكى.
كەتمەنلەرنىڭ ئۆتكۈر بىسلىرى،
ئېچۋېتەر توپىلارنىڭ ھەسرەتلىرىنى،
بۇزۋېتەر شېرىن تاتلىق خىياللىرىنى.

بىر تال بىر تالدىن،
تاۋۇز ئۆرۈكى سالغان قوللىرىم،
ئازغىنىپ قالار شۇئاندا.
كەتمەن تۇتقان شۇ كۈچلۈك قوللار،
يۈرىكىمنى قامالىماقتا.
كۆزلىرىمىز ئۇچراشقىنىدا،
خىيال كىردى خىياللىرىمغا.

چىغ شىلەپە كىيگەن شوخ يىگىت،
قىسىپ قويار كۆزىنى ماڭا.

توپا ئارىلاش مەيىن شاماللار،
تەنلىرىمنى باغاشلىماقتا.
تۇنجى سۆيگۈ بىخلانغان ۋىسال،
ئىچىلماقتا تۇپراق باغرىغا.

## ئىھ، سۆيۈملۈك ئانامنىڭ قەلبى

يامغۇر ياغدى،
يەنە ئاغرىيدۇ ئانامنىڭ پۇتى
ئاقساپ تۇرۇپ تاماق ئېتىدۇ،
دوختۇرغا بارمايدۇ،
پۇلۇڭ يوق دەيدۇ،
ئىچىدە يىغلايدۇ،
چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدۇ.
مەن يامغۇرغا ئۆچ،
ئۆيىمىزدىن يامغۇر ئۆتىدۇ،
ئانام بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ،
بىزنى يامغۇر ئۆتمىگەن يەردە ياتقۇزۇپ،
ئۆزى يامغۇردا ئۆرە تۇرىدۇ.
يامغۇر ئاۋازى تاتىلار يۈرەكنى،
قۇشلار يىغلايدۇ، دەرەخلەر كۈلىدۇ،
زەپ سېغىنىدىم ئۇماق شامالنى.
يامغۇر قۇيۇلار يۈرەكلىرىمگە،
يۈرەكلىرىمنى توڭلىتار ھەممە،
ئىھ، سۆيۈملۈك ئانامنىڭ قەلبى،
كۈلۈپ باقار ھاياتقا يەنە.

## ماشىنىچى قىز

كىيىم تىكىش ماشىنىسى،
تىكىدۇ،
يۈرىمىنىڭ يىرتىقلىرىنى.
ئۆلايدۇ،
ئەسلىمەمنىڭ كەمتۈك يېرىنى.
ماشىنىنىڭ ئاۋازى،
بېسىپ كېتەر ھەممە ئاۋازنى،
يۈرىكىمنىمۇ.
بىر ئايال كىردى،
كۆتۈرگەنچە قىپقىزىل رەختنى،
—ئېرىم بۇزۇلدى،
—ئۆلەر ئىلاھىم، قىزىل كۆڭلەكلىك ئاشنىسى.
ماشىنا توختىدى،
تىترىدى قولۇم،
ياشقا تولغان كۆزلەر قىزىل
سۆزلەپ بېرەر ماڭا مۇڭىنى.
كاللام قۇپقۇرۇق،
يىپسىز پىرقىراۋاتقان ماشىنا،
مەسخىرە قىپ كۈلمەكتە مېنى.

## ئوغلۇم ۋە مەن

قۇشلار يىغلايدۇ،
قۇشلارنىڭ يېشى،
تۆكۈلىدۇ گۈللەر بەرگىگە.
ئوغلۇم يىغلايدۇ،
ئوغلۇمنىڭ يېشى،
تۆكۈلىدۇ يۈرەكلىرىمگە
پۇت ـ قولى باغلاقلىق ئۆيلەر،
ماڭالمايدۇ ھېچ يەرگە.
مەنمۇ باغلىنىمەن،
ناتونۇش ئۆيگە.
ئوغلۇم چىقىپ قالار دەپ،
كۆزۈم ئىشىكتە.
قۇياش چىقار ئەمما پاتماس،
يامغۇر ياغار، توختىماس.

سېغىنىشىم ئۇتتا كۆيمەس،
سۇدا ئاقماس.
ئوغلۇم يۈگۈرەيدۇ، ئۇزارماقتا قەدەملەر،
ۋاقىت توختايدۇ توختايدۇ دۇنيا.
كۆز يېشىمنى توسۇۋالدى بىر تال يوپۇرماق،
ئېھ، يۈرىكىم سەن توختىما، ھەرگىز توختىما.
ئوغلۇم ئۆتۈپ كەتتى يېنىمدىن،
— ئوغلۇم؟

— كىم سىز؟
— مەن سېنىڭ ئاپاڭ.
— دادام ئاپاڭ ئۆلدى دېگەنىغۇ.
ئاھ، نەقەدەر ئازابلىق مىنۇت،
ئاھ، نەقەدەر بىچارە تۇيغۇ،
بەلكىم ئىشلار خاتا بولغاندۇ،
بەلكىم مېنى خۇدا ئۇرغاندۇ.

## سۆيۈملۈك ھاياتنى يارىتىش ئۈچۈن

سۆيۈملۈك ھاياتنى يارىتىش ئۈچۈن
شېئىر يازما ناتىۋان ئايغا.
شۇ غايىۋى نەرسىلەر بىلەن،
رېئاللىقتا ئۆتمىگىن تەنھا.

سۆيۈملۈك ھاياتنى يارىتىش ئۈچۈن،
يۈرىكىڭنى بەرمە يامغۇرغا.
بىر ساڭىلا تەئەللۇق ئەمەس،
ئۇنىڭ جىسمى سەرگەندانلىقتا.

سۆيۈملۈك ھاياتنى يارىتىش ئۈچۈن،
بەختنى سەۋرگە تېگىشمە ئەسلا.
پۇشايمان ئەپكېلەر مەڭگۈلۈك ئازاب،
ئۆتمۈشنى ئوخشاتقىن پەقەت شامالغا.

سۆيۈملۈك ھاياتنى يارىتىش ئۈچۈن،
روھىڭدا پارلىسۇن سانسىز يۇلتۇزلار.
ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن ھاياتنى،
مېھرىڭنى بېغىشلا ھەر بىر گىياھقا.

## قايتىدىن تۇغۇلسام

قايتىدىن تۇغۇلسام،
بىر تال بىر تالدىن تېرىپ بېرەتتىم،
سېنىڭ ئۈزۈلگەن مۇنچاقلىرىڭنى.
كۆل بويىدا تاش ئاتساڭ سۇغا،
قاراپ تۇراتتىم ئۈن-تىنسىز ساڭا.
سۇغا چىقساڭ توسۇۋالمايتتىم ئالدىڭنى،
كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتىم يەلكىلىرىڭنى باسقان ئەپكەشنى.
قار بوۋاي ياساپ توڭسا قوللىرىڭ،
بېرىپ تۇراتتىم ئاپام توقۇغان ئامراق پەلەينى.
كەپسىزلىك قىلىپ سېلىپ قويمايتتىم سومكاڭغا پاقا،
بەلكى سېلىپ قوياتتىم قىپقىزىل ئالما.
كەپسىزلىق قىلىپ تارتىپ يۇرمەيتتىم سۇمبۇل
چېچىڭنى،
بەلكى مەجنۇنلارچە تىكىلىپ قالاتتىم بولۇپ مەھلىيا.
ياشقا تولغان كۆزلىرىڭ بىلەن قارىساڭ ماڭا،
«قېرى موماي» دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلمەيتتىم
ئەسلا.
مۇھەببەتلىك كۆزلىرىڭ بىلەن كەلسەڭ ئالدىمغا،
ئاھ، شۇ چاغ باساتتىم سېنى باغرىمغا.
ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمىدىم،
خاتا باسقان ئاشۇ قەدەملەر،
پۇشايمان گۆرىگە سۆرىگەن چاغدا،
مەن كېچىككەن، سەن ۋاز كەچكەن،
قولۇڭدىكى قىپقىزىل گۈللەر،
مېنى سەندىن يىراقلاشتۇرغان ئاشۇ ۋاقىتتا،
تۇغۇلۇشنى ئويلىدىم قايتا.

(ئاپتور چاپچال ناھىيە قوغۇنچى يېزا قوغۇنچى كەنتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ھەدىگىدىكى چوغ

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

## كەلمىسكەن شەنبە، يەكشەنبە

قىرىق سەككىز سائەت تالادا قالار
كۆچ ئۇلاش كالتىكىم قالغان دۈشەنبە .
يالغۇز تۇرنا يالغۇز سامادا قالار
دەيمەن كەلمىسكەن شەنبە ، يەكشەنبە .

سوغۇلۇپ سۇلىرى ئىشق كۆلىنىڭ
شورلىرى لۆمشۈپ ھايات چۆلىنىڭ
شېئىرغا يۆلىنىپ قالدى بىر پىراق
دەيمەن كەلمىسكەن شەنبە ، يەكشەنبە .

تەشنالىق ئەزرائىلدەك كېلىپ شەپىسىز
يەنە ماگدى ئېلىپ مېنى مەپىسىز
ئۆپچۆرەمدە غىچ سېپىل ، خەندەك
دەيمەن كەلمىسكەن شەنبە ، يەكشەنبە .

ئۇلۇغ دەر خۇدانىڭ ھەممە كۈنىنى
بىراق ئاڭلىيالماي تۇرنا ئۈنىنى
ئۆچۈردۈم قاتاردىن شۇ ئىككى كۈننى
دەيمەن كەلمىسكەن شەنبە ، يەكشەنبە .

كالېندار دۈشەنبىگە يىقىلسا گۈلۈپ
نېمىدىندۇر قېچىپ ، نېمىنىدۇر كۈتۈپ
سەككىز سائەتتە ئەمەس ،
بولدى بىر كۈن سەككىز سېكونتتىلا ئۆتۈپ
پىغان ئەگەشتۇرسە كەينىدىن
نىگار يۈرىكىنى قولياغلىق قىلىپ
تۇرار يۈرىكىمنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ
جېنىمنى دومىلىتار ئاجىز بەدەندە . . .
دەيمەن كەلمىسكەن شەنبە ، يەكشەنبە . . .

## كېچە بولمىسا

كېچە بولسىلا
ئارىمىزغا كىرىۋالار تۈن
ئېسىمنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىپ
چېھرىڭنى ئويۇمغا قەنت قىلىپ سېلىپ
سېغىنىشتا چوگىغان بىر ئوت
بېشىمدىن تاپىنىمغىچە ئوينايدۇ ئىتوت
نانلىرىمدىن ئىڭگەلەر تۈتۈن

كېچە بولسىلا
سىملار بىھۇش بولۇپ ، ئۈزۈلىدۇ توك
ئۈزۈك ، سوزۇق تاۋۇش خېتىگىدە
ئىشتىن چۈشۈپ گۈگۈم بىلەن تەڭ
سۆۋادان خىياللىرىم بوپ قالىدۇ دوك

كېچە بولسىلا
ئىچىمدە بىر ئۆگكۈر دومىلار دەم ـ دەم
ئارامىمنى سائەت چېكىلداپ
تىتتىتلىقتا قىلىپ بىرەر يەم
يوللار قىل پوستىغا كىرىپ تارىيىپ
تۈندىكى مەن تۈندەك قارىيىپ
كۈندۈزدىكى مەڭگە سالار رەم

كېچە بولسىلا
قاپقارا تىللىرىنى سانجىپ
خىياللىرىمنى چاقىدۇ كېچە
ۋاسا سانايمەن ۋاسا يوق ئۆيدە
يۇلتۇز سانايمەن تۈگۈلۈك يوق ئۆيدە
تىنىقىم ئۇلىشارمۇ دەيمەن تاڭغىچە . . .

## خوش دېگۈم يوق

ئامبۇردا قىسقانچە يۈلۈپ
تارتىۋەتكەندەك ئاغرىغان چىشنى
يۈلۈۋەتسەم بىر يولى
خوش دېگەن سۆزنى
ئۇيغۇر تىلىدىن؛
كۆرۈپ تۇرسام تا
جېنىمنىڭ مىسرالىرىنى قىسقارتىپ
كوھقاپ كۆزلىرى دەم تارتىپ
يارنىڭ مېنى يۇتقىنىنى گېلىدىن...

بىر ئارال بار گۈلۈبۇستا يوق
نوپۇسىدا سەن، مەن ــ ئىككىمىز
خوش دېگۈم يوق
ئارىلىمىزنى
غەرق قىلىۋەتكىچە تا
بېشى قايغان چاپلىكەش دېڭىز

خوش دېگەن سۆز
مەندە تۇرغان يەتتە قىتئەگە
سەككىزىنچى قىتئەنى تۇغۇپ
چىنىدەك شادلىقىمغا پىراقنى قۇسار
قاماپ مېنى غېرىبلىقىمغا
چىلاپ نانلىرىنى يۈرەككە يىغا
قاچامغا تەلەي ئەمەس، ئازابنى ئۇسسار

خوش دېگۈم يوق
خوش دېسەم ئەگەر
خېتىڭ، ئۈنۈڭ كېتىپ ئېتىگلا قالار
تىكىنىدە جاندىن قان ئېلىپ
تىرىكلىكنى يۇناپ جان ئېلىپ
تەزكىرەمنىڭ باش قۇرى ئارا
يالماۋۇز خاپىلىق چاپاننى سالار

خوش دېگۈم يوق
خوش دېسەم ئەگەر
شادلىقىمنى چىنەپ تالادا
مارلاپ ياتار كونا قازادا
قىسىلماقتا تاپسامغا سوغۇق...

## ھەدىكىدىكى چوغ

كەلدى خەتلەر قولۇمدىن ئۇچۇپ
ھەر ھەرپىتە لىققىدە ھەدىك
ھەدىك بويلاپ ئوتقا يىقىلدىم
ئوتتا «پاراس ـ پۇرۇس» يىرتىلدىم
چىقىپ كۆزلىرىڭنىڭ ئىچىدىن
تۈرك ـ رونىك يېزىقىدا كېچىدىن
مەڭگۈ تاشلىرىمغا نېمىلەر دېدىڭ؟
ياقتىم قۇلىقىمنى قەلبىڭگە
قەپەستە بەختىمگە ئەڭ يېقىن ئىدىڭ...

كۆزلىرىڭدە ئويىنار مېنى چوغ
قاخشاللىرىمدا ئەل بولۇش خېتى
تولۇپ كەتتى ئىسمىڭغا تۇگەل
ئوتتۇز ئىككى ھەرپىمنىڭ ئىچ ـ تېشى، چېتى
بارسا مەھەللەڭگە ۋىسالىڭدا ئاچ
تاپالارمۇ بىرەر تال ياغاچ
باغلانماقتا ئۆمەرنىڭ ئېتى؟

(ئاپتور «كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# ئەھەد يۇلتۇزلىرى

شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ

نۇربەگنىڭ شۇنچىكى دېيىلمىلىرى: شائىر ئۆزلۈكسىز چۇڭقۇرلىقنى ئىشلەپچىقارغۇچى! ئۆزىدىن باشلىنىپ، ئۆزىدە ئاخىرلىشىدىغان مۇساپە شائىرنىڭ رېئاللىقى. شائىرنىڭ مەۋجۇدىيىتى تىلدا، تىلنىڭ مەۋجۇدىيىتى شېئىردا .شائىرنىڭ تىلغا بولغان كۆيۈمى قانداقتۇر كونىنى تەكرارلاش ئەمەس، كونا ئاساسدا يېڭىنى يارىتىش، يارىتىش ئاساسدا تىلنى كەڭلىككە ئىگە قىلىشتۇر!

## يەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئاسمانلىرى

سۆزلەر يىراقتا تۇرۇڭلار ، ئاۋاز ئولتۇرىۋالسۇن
شەپىسىنى ئەكەتكەن ئاۋۇ كەپىدە
ئۆلۈم ئويغانغان

كېتىۋەر ، كۈندۈزدىكى تولغان ئاق كېچە
بۇلۇت ئۆز جىملىقىدا تېخىچە

ۋاقىت بالىلىرى چۇرقىراشقان ئوت ئۆچۈپ قالغان
تىنچلىنىڭلار
يەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئاسمانلىرى

## دەريا ئۇنىڭ ئاۋازىدا تاشقىنلىغان

كۆكلەۋاتقان جۇدۇنىدا ئېھتىمال بىر ئىدىيە
يوللار باغرىڭنى ئەكەت باغرىمدىن
ئۇركىدى قۇشلاردەك داردىكى سەھەر
تۈن تۈنگە قېقىلغان
يار قوشىقىدا خاتىرلەنگەن ئۇ :
ــ كۆيدۈرۋالغان ئۆزۈڭسەن! . . .
تولغان ئۇپۇق يورىۋاتقان ئۇنىڭ ئىچىدە
ئايھاي دېرىزە
باياۋان تىڭشىماقتا ئۇنى سۈكۈتتە
باياۋان تىڭشىماقتا ئۇنى ئۆزىدە
بۇركۈت سۆزلەر ئىدى كەچمىشنى كەچمىشكە
تامچىلىغان ئىدى ئۇ سەرخۇشلۇقتا كۈندۈزگە

ئۇ ئۆلمەكتە ئىدى
كۈلگىنىچە
دەريا ئۇنىڭ ئاۋازىدا تاشقىنلىغان
دېدى ئۆركەش، ـ ئۆركىشىڭنى بەر!
دېدى زامان، ـ تۆكۈلگەن سۆزلەردىن سۆزۈڭنى تەر!
دېدى ئۆلۈم، ـ ئەزبىرايى تالاشماقتا سېنى يەر!
ئۇ كۈلمەكتە
ئۆلگىنىچە
ئۆزىنى ئوقۇماقتا بىر پارچە شېئىر
رەنانىڭ تۈنىدەك قارا چېچىدا
قەبرىستاندىن ئۆرلىمەكتە مۇناجات

## ئەينەك تەزكىرىسى

جان ئوينار جېنىڭدا جان پەدىسىگە
تەن ئوينار تېنىڭدە تەن پەدىسىگە
ئەينەك ئىچرە
ياردار كىيىكمەن قانغا بويالغان

چۆچۈمەي چاقىرغىن مېنى باياۋان
نۇر چاچتىم تىرىۋال سەھرايىڭغا ئەي
كەلسەڭچۇ ئېسىمنى ئېسىڭدە كۆرەي
ئەينەك ئىچرە

بولغانسەن بۇ ئاخشام بىر ماڭا گاداي
كىمنىڭدۇ ھويلاڭنى كەزگەن تولۇن ئاي
تەكچەڭگە تىزىلغان بىر دەستە تەقدىر
گۈل كەبى ئېچىلغان قاي زامان ياپىر
ئەينەك ئىچرە
چېچىڭنى يەلپۈگەن بەختلىك شامال

يەلپۈيدۇ قەلبىمنى بىر كۈن ئېھتىمال
تامغاندۇ كۆز يېشىڭ توپىلىق يولغا
ئۈمىدتە باقتىم ھەي نۇر تۇتقان قولغا
ئەينەك ئىچرە
سۈركۈنگە ئايلاندى ئۇماق چۈشلىرىم
مەن سېنىڭ ئەركىكىڭ، سەنچۇ دىلبىرىم

## نە ھاللىق مېھىر

تولغۇاتقان كۆزۈڭگە ئۈركۈشلەر تىنغان،
ئۆرلەۋاتقان ئەتىردىن تۇپراقسەن، تۇپراق...
ئويغىنىۋاتقان دەريالار تەرەپلەر كەبى،
ئاھلىرىڭغا ئاھلاردەك يېقىندۇر يىراق.

يېنىۋاتقان ئاۋازغا سېنى ئۇرىدىم،
نە ھاللىق ئۈركەشلەرگە ئۈندىك مېھىردەك.
ئەي، بىر كاسە ئاپتاپتەك ئاپئاق غەملەرگە،
يانماقتىسەن ئۆچۈشنى گويا سېھىردەك.

تىنجىۋاتقان ئەھدەڭگە مېنى تېرىيسەن،
تېرىيسەنۇ، تەشۋىشكە پۈركىمەككە ئاھ.
قونۇۋاتقان يۈرىكىڭگە كونا قۇشتەك،
سايرىشىمدىن يايرىشىڭ ئۆرلىمەكتە پاھ!

كۆكلەۋاتقان سۇ جىملىقى سېنى، مېنى،
ئۈنلەۋاتقان تاش ئويلىرى سېنى، مېنى،
ئۈنمەكتىسەن ئاۋازلارنىڭ بۆلىقىدىن،
يايلاۋاتقان غەم تويلىرى سېنى، مېنى...

(ئاپتور كەلپىن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# يىرتىلغان ياغلىق

مىركايىل نۇرالىم

## ئاچچىق تىنىقلار

ئاخىرقى سۆزۈڭنى دېدىڭ ئاقۋەت،
ۋە ئۇردۇڭ يۈرەككە ئەلەم خەنجىرى.
قىسىلدى يۈرىكىم، كۆزۈم تۇمانلىق،
بوينۇمغا سىلىندى ھىجران زەنجىرى.

كۈتكىنىڭ شۇ بولسا، يول بولسۇن دېدىم،
ۋەلېكىن ھەممىشە غېمىڭنى يېدىم.
سىقىلىپ يۈرمىگىن كۆلگىن ئىچىلىپ،
ئۆزۈمگە سەبىرنى بىجا ئەيلىدىم.

ئېپ كەتتىڭ قەلبىمنى خۇشاللىق كۆچتى،
چېھرىمدىن قۇياشلىق سەھەرلەر ئۆچتى.
كۈندۈز قاراڭغۇ،كېچىلەر زۇلمەت،
ئەقىدەم ھازىدار ئالدىمدىن ئۆتتى..

ئەلۋىدا ئۈمىدتە كۈتكەن كۆزلىرىم،
ئەلۋىدا، يالۋۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىم.
ئەلۋىدا ئېتىزلار ،بىنەملەر ،يوللار،
ئاۋايلاپ ئۆستۈرگەن نازۇك گۈللىرىم...

## يىرتىلغان ياغلىق

ئاھ ئۇردى يۈرىكىم ، يىغلاتتىڭ نېچۈن ،
تۈزدى تۇپىدەك ۋەدە قەسەملەر .
غايەت زور تام بولۇپ باستى بىر ئەلەم ،
ئۈھسىنىش ئىلكىدە تۈنجۇققان دەملەر .

ئېيت ماڭا خىيانەت قىلغان چېغىڭدا ،
قولۇڭدا يوقمىدى مەن سالغان ئۈزۈك .
نەئۈچۈن گېپىڭدىن بوغۇپ ئالمىدى ،
سۆيگۈمىز ياغلىقنى چىگكەنتىڭ تۈزۈك .

يىرتىلغان شۇ ياغلىق ، خارلانغان ئۈزۈك ،
تېنىڭدە قانچىلىك قىلغاندۇ ئىدا؟!
بار ئىدى شۇلاردا سۆيگۈم ، ئەقىدەم ،
چەيلەندى كىملەرنىڭ پۇتى ئاستىدا؟

مەزگىلسىز قەلبىمنى قۇرۇقداپ قويدۇڭ ،
گۈلزارلىق باغ ئىدىم ، خازانلىق دىلىم .
نە ئۈچۈن خارلىنار تۈنجى مۇھەببەت ،
ئەلەم پىچىلىرىدا قىيلىنار جىنىم . .

قىلغىنىڭ قەلبىڭنى تېشەر بىر كۈنى ،
جاراھەت ۋەزنىنى بىلىپ قالارسەن .
ئازابىڭ چۆلگە يىقىلغان چېغىڭ ،
ھىجرانىڭ تەمىنى تېتىپ ئالارسەن! . .

خارلانغان شۇ ئۈزۈك يېتىپ يادىڭغا ،
ئاختۇرۇپ قولۇڭغا ئېلىپ قالارسەن .
يىرتىلغان ياغلىقنى سۈرتۈپ كۆزۈڭگە
بوينۇڭغا قايتىدىن چىگىپ قالارسەن . . .

## ئانا

ئۆيىقۇ كەلمەس ئانا كۆزىگە ،
دۇئا قىلار تۈنلەرتەڭرىگە .
يەتمىش ياشتىن ئاشقان ئانىجان ،
شىپا ئىزدەپ بالا دەردىدە .

ھالىڭ قانداق دېسە بولاتتى ،
ئاغرىق ياتقان بالا ئەسلىدە .
تەقدىر ـ قىسمەت ئالمىشىپ كەلسە ،
نېمە يەتسۇن ئۇنىڭ ۋەزنىگە؟!

تەستە چىقار سوپىغا ئانا ،
كۆز قارچۇقى ئوغلى قېشىغا .
قانداق چىدار ھالسىز يۈرىكى ،
كۆزلىرىدىن ئاققان يېشىغا .

بالا مېھرى مىسكىن يۈرەكتە ،
يەتمەك تەستۇر دەردىنىڭ تەكتىگە .
باسماق بولسا بالىنى تاغلار ،
ئانا ئالار تاغنى يەلكىگە .

## ۋىساللار تېگىنى كۆتەر كېلەچەك

(پىشقەدەم جەڭچى نۇرمۇھەممەد ھېيتاخۇن خاتىرىسىگە)

بىر گۈزەل تارىخنى تاۋۇتقا سېلىپ ،
ئۆمۈر دەپتىرىنى ياپتۇق ئاخىرى .
بار ئىدى بۇ يەردە مۇڭلۇق ئەسلىمە ،
شۇ بۈيۈك قامۇسنىڭ بىر تال ۋارىقى .

ۋاراققا قارىسام چەۋەنداز ئايان ،
ئابرالنىڭ باغرىدا تۇلپار ئويناتقان .
غېنى ۋە فاتىخنىڭ پىدايىسى ئۇ ، ،
ئازادلىق كۈيىنى بىللە ياڭراتقان .

ھۇجۇمنى باشلىسا قورغانغا باتۇر ،
ئۇمۇ ھەم ئوق بولۇپ ئېتىلار ئىدى .

تالاي ئەزىمەتلەرنىڭ ئىسسىق قېنىدا،
ھۆرىيەت تۇغلىرى تىكلەنگەنىدى.

تۆكۈلدى ئەزىمەت ئىسسىق قانلىرىڭ،
نىلقىدا، شىخۇدا، كەڭ ساي، غۇلجىدا.
قان بىلەن يول ئاچتىڭ تىترىتىپ ياۋنى،
ياگرىدى ئاۋازىڭ ئالتاي غولدا.

تەۋەررۇك جەڭچىدىڭ قىسمەتلەر پۈتكەن،
ھاياتنى دىلىڭدىن سۆيۈپ ياشىغان.
قۇترىغان قويۇنلار ئويناتسا قىلىچ،
باش ئەگمەي قۇياشتەك نۇرلۇق چاقنىغان.

تەۋرىنەر تاۋۇتۇڭ ئەلنىڭ قولدا،
بىر بۈيۈك كەچمىشنى سۆزلەپ بارىدۇ.
ئارمىنىڭ كۆكتىكى چولپاندەك يېنىپ،
بىر يورۇق مەنزىلنى كۆزلەپ بارىدۇ.

سەن ماڭغان يوللاردا ئىزىڭنى بويلاپ،
ئەۋلادىڭ كەلمەكتە داۋانلار ئېشىپ.
سەن ياققان مەشئەللەر قوللاردىن ئۆتۈپ،
جەڭگىۋار مارشىڭنى كەلمەكتە ئېيتىپ.

قانلىرىڭ تۆكۈلگەن تۇپراق گىيادىن،
ئۈنمەكتە پۇراقلىق سانسىز گۈل ـ چېچەك.
ئارمىنىڭ كۆمۈلگەن دىللار تەكتىدىن،
تۇپرىقىڭ ھىدلايدۇ ئەۋلاد كېلىچەك...

(ئاپتور نىلقا ناھىيە سۇپتاي توققۇز يىللىق مەركىزى مەكتەپتە)

# كۈتتۈم سېنى لەۋلىرىمنىڭ بوسۇغىسىدا

گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان

## كېچىنىڭ شېخى ۋە بىر ئايال

بىر ئايال ياكى بىر دانە يۇلتۇز
ئولتۇراتتى كېچىنىڭ شېخىدا.
ئوقۇپ گۈزەل بىر ھېكايە،
چۈشلىرىنىڭ چوغىدەك لېۋىدە.
قولنى بىرەتتى نە قولكى جېنىنى بىرەتتى
شامدەك ئېرىۋاتقان كېچىگە،
كېچىنىڭ شېخى سۆيۈشلەردەك ئەسەبىي
كېچىشلەردەك باراقسان،
ئۈنتۈشلاردەك تېپتىنىچ،
توردۇ بىر ئايالغا يانمۇ يان.
جېنى يوق لەۋلىرى بار بىر ئايال،
قېنى يوق سۆيۈشلىرى بار بىر ئايال،
يۇلتۇزدەك ئۆكسۈپ كۆيۈشلىرى بار بىر ئايال،
دەرىزىدىن سوزۇلۇپ كىرگەن
كېچىنىڭ يالغۇز شېخىدا،
قاقاس كۆڭلى ئۇچۇن ئۆلۈشلىرى بار بىر ئايال.

## يولنىڭ سول تەرىپى

يولنىڭ ئوڭ تەرەپىدىن مېڭىش كېرەك،
بۇ قائىدە ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن.
شۇڭا ماڭىمەن دائىم سول تەرەپتىن،
ئاندىن دۇقۇرشۇپ قالىمەن بىرسى بىلەن.

بەختنى سول تەرەپتە دەپ ئويلايمەن،
كۆرگەندەك يۇرۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقنى،
دەرەخلەر مەست قايتىدۇ ئورماندىن،
سۆزلەر مەست قايتىدۇ لەۋلىرىمدىن
يولنىڭ سول تەرىپىدىن.
پەقەت مەنلا مەست بولمايمەن،
كۆڭلۈمنىڭ سۈس كۈلۈمسىرەۋاتقان يېرىمىدىن.
سول تەرەپ نېمىشقا سول تەرەپ بولغىدەك،
نىمىشقا ئوڭ تەرەپنىڭ قارشىسى بولغىدەك،
ئۇ تەرەپنى بېسىپ ماڭغان ئايال،
نېمىشقا يولدىن چىققۇدەك،
بىلمەن ئۇنىڭ سۈيۈملۈك تەرىپىنىمۇ
شۇڭا ئاستا كېلىۋاتىمەن سول تەرەپتىن،
تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالىمەن تاش ئۇرۇندۇقتا
بىر تامچە ياشنى سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كەچمىشتىن.

## قايتىش

قايتتىڭ جېنىم،
ئۇۋىسىغا قايتقان چۈمۈلىلەردەك،
ئۇنىسىز ئاقسەن بارلىقىمغا،
قاخشال بولغان چۈشلىرىمگە،
بىگانە بولغان تۈنلىرىمگە،
ئاسمانسىز قالغان يۇلتۇزلىرىمغا،
چىقالمايۋاتقان ئۈنلىرىمگە،
گۈللەردەك ،سۆزلەردەك
ياغالمايۋاتقان قاردەك،
مەرغۇللاۋاتقان تاردەك،
مەن سېنى كۈتتۈم لەۋلىرىمنىڭ بۇسۇغىسىدا،
كىردىڭ ئىچىمگە ھەممىنى تاشلاپ
ناتونۇش ئورمانلارنىڭ بۇقۇلدىشىغا.
قايتىش
بۇ كېچىدىكى ئەڭ گۈزەل ھەرپ
قىلىدۇ بىزنى
شېرىن ـ شېرىن ھەسرەتلەرگە غەرق.

## ئۇدۇلۇمدا تۇرغان ئايال

ئۇدۇلۇمدا تۇرغان ئايال.
ئۆزىنى چۈۋۈش ئۈچۈن چېچىنى بوغۇۋالاتتى.
ئۇنتۇلۇش ئۈچۈن تويۇقسىز
كېچىدىن قوغلىناتتى.
ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىدەك
غېرىپ ئاسماندىن سەكرىۋالاتتى.
ئىچىدە ئىسسىق قېنىنىڭ ،قىزىل قېنىنىڭ
قالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ،
تومۇرىنى كىسىۋالاتتى.
ئاندىن ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ كەتكەن كۆڭۈل ئۆيىدە،
بىقۇۋۇللۇقنى يېپىنغىنىچە
سوزۇلۇپ يېتىۋالاتتى.
كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك،
نېمىسى بار ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە مۇشۇ كېچىدىن بۆلەك.
قوغلانغاندا كېچىدىن
بىر پارچە مۇزغا ئايلاندى يۈرەك.
ئۇدۇلۇمدا تۇرغان ئايال،
سۈرەلەيدۇ پەقەتلا خىيال،
ئۆزىدىن تارتىۋېلىنغان كېچە ھەققىدە،

(ئاپتور چىرا ناھىيەلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# قىرىق بىر يالغان

مۇنەۋۋەر مۇختار

## نامسىز ئەڭگۈشتەر

قەدىم زاماندا
قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدا
قالغان ئىكەن بىر چۈش ئېھتىمال
ياپراقلارغا ئورىنىپ ئاستا...

تالاي يىللار
تالاي ھەسرەتلەر
تالاي ئۈلۈكلەر
مومىيالانغان ئەقىدە
ئىگىسىز ئۇۋىدىكى ئەركىسىز قەلب
يوقالغان ئەڭگۈشتەر...

بىر بوۋاي چۆچەك ئېيتماقتا
«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا
تۈلكە توشقان بولغاندا
كۆمۈلگەنىكەن غايىب غەزىنە
بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىغا...»

يېگانە دەرەخ
قايغۇلاردىن كاۋاكلانغان تەن
ئەفسانىدەك نازىنىن قەلب
يىرتىپ تاشلىدى گۈزەل بىر چۈشنى
پاك ـ بىغۇبار
تەبەسسۇم بىلەن...

شۇرغان
تىنەپ يۈرەر بىر تال خازان
«ئەڭگۈشتەر قېنى؟» دەپ...

## ئوغرىلانغان ئەسلىمە

سەپەر...
غېرىپ كارۋان ئۇيقۇغا چۆككەن
كۆلرەڭ سەھەردە
بىر قاراقچى يۈرمەكتە تىنەپ
غايىب
شەھەردە...

«ئوغۇرلاپ قاچىدۇ
قاراقچى
ئوغۇرلاپ قاچىدۇ...»

سۈبھى شۇرلىماقتا
غەمكىن نازىنىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغاندا
ئوغۇرلانغان سۈزۈك ئەسلىمە
كېتىپ قالدى
يىراق... يىراققا...

زەرەتگاھ
يىغلاپ يۈرەر بىر موماي
«مەن كىم؟» دەپ...

## سەيشەنبىدىكى تىلەمچى

يالغۇز مەنزىل ـ
يالغۇز ئورۇندۇق
تېمىپ قالغان تامچە ياشنىڭ ئىزى قۇپقۇرۇق
ئاپتوبۇسنىڭ مەۋھۇم چاقىدەك

uyghurkitap.com



ئازغۇنلۇقنى تىلىدىم مىسكىن
كۆزلەر
كۇلەلمەيدۇ
ئاسمان
تۇتۇق . . . بەك تۇتۇق . . .
بىر تال راۋاب
ئۆلگەن مۇزىكا . . .

بىر سوغۇق قار چۈشمەكتە ئاستا
قاچقۇن سەيشەنبىنىڭ يىغلاڭغۇ قولى
تەلمۈرمەكتە
كىملەرنىڭ شەپقىتى
قالغاندەك
ئۇچۇق . . .

## سۇنغان ئاي

سۇنغان ئاينىڭ ئۇنىنچى كۆنى
بىر ھەسرەتنى قالدىم پىچىرلاپ
ئۇزۇلۇپ چۈشتى قەلبىمدىن چۈشۈم
كېچىش ئازاب، ئەسلەشمۇ ئازاب . . .

يوقاپ كەتتى ئاچچىق تېڭىرقاش
جىمجىت كۆيەر ئۇنتۇلغان سۈرەت
ئۇنتۇشۇمنىڭ چەكسىزلىكىدە
ئەسلەنگەنسەن

كۆندە نەچچە رەت .

سۇنغان ئايغا بۈگۈن ئۇن ئىككى
ئېزىقماقتا مىسرالار خىلۋەت
ئۇن بىرىنچى كۆزنىڭ سەھىرى
جىمجىت چېكەر سەۋرىمنى ھەسرەت . .

تۆت قۇلاقنىڭ ئارتۇق ياپرىقى
چەيلىنىشكە بولغانمۇ سەۋەب؟!

## تاشلانغان ئەقىدە

يىرتىق تون
قارا كېپەنىنىڭ خىيالى پۈتۈن
يۇلتۇزلارنىڭ قاراشلىرىدەك سىرلىق كېسەللىك
چىرمىۋالدى تەنھالىقىمنى
سۈرەتەك شولا ھاۋادا لەيلەپ يۈرمەكتە
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ قاچقۇن ئارمىنى
بىر قەبىلىنىڭ تارىخى تامان
ئۇ دۇنيادا
جاھان سۈرمەكتە . . .

يىرتىق كېلەچەكنىڭ يامىقى نەدە
كۆز يېشىمنىڭ نالىرەك چۈشى
تېنىمەكتە كۆن چىققان يەردە . . .

ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ
چاچلىرىمنى تاراپ بولۇپ
بارمىقىمنى چىشلىدىم ئۈنسىز
يىغلاپ باقتىم تاشگۈلدەك قۇرۇپ
تۆكۈلۈپ چۈشتۈم
سولۇپ
ۋە تۇزۇپ . . .

بىر تال پاخال
يىرتىپ يۈرەر ھالىرەك ئازابنى
مەن ئۆزۈمنى تاپقاندا قايتا
تەبىرىدىن چەتنىگەن سايە
يىراق - يىراق بىر چۈشكەن دېمە
خام خىيالى ئۇچۇشكەن دېمە .
بىر تال ياۋا يۈرەك
پورەك - پورەك ئېچىلسا بىر كۈن
سەن شامال بوپ مەن بىرگە ئۇچۇپ
كۆل ھىدىنى قارا تۇنگە قويايلى ئويۇپ

ۋە شۇ دەمدە
قول تۇتۇشۇپ كىرىپ كېتەيلى
دېكابىرنىڭ يارقىن چۈشىگە...

كېچە...
قارىشىڭ
يۇلتۇزلاردەك سىرلىق ئازابلىق...

سىمونت تام، ياغاچ ئورۇندۇق
كىتابلار شىرىقلىماقتا
كاللام مۇرەككەپلىكنىڭ مۇز ئىراسىدا
مەن كىتاب كۆرەلمەيمەن
بۇگۈننىڭ مۇشۇ مىنۇتىدا...
سەۋرسىز بىر تېگىرقاش لەۋلىرىمدىن قان ئىچمەن

دەيدۇ
سەن كىم؟
مەن يۇتتۇرگەن ئەركىنلىكنىڭ تاجاۋۇزچىسى
بۇ ئەسىردىكى تۇنجى ئىمپېراتور
يېگانىلىقتا ئىنتىلگەن مىسكىن قەلبىنىڭ تەنھا ئىگىسى
يالغۇز بىر ئازابىنىڭ يالغۇز كەچمىشى
يالغۇز ئىزتىراپىنىڭ يالغۇز تەشۋىشى
مەن ئېزىشنى تىلەپ يۈرگەندە...

سەن يەنىلا چۈشۈمدىن كەتتىڭ
سەن يەنىلا قەلبىمدىن كەچتىڭ
لەۋلىرىمنى مەغرۇر قاناتتىم
يېرىم تۈننىڭ پۈتۈن سەۋرىدە...

## قىرىق بىر يالغان

بىر قۇش كۆردۇم ئەما كۆزۈمدە
تۇتتۇۋالدىم چولاق قولۇمدا
كىرىۋالدى يەگسىز چاپاننىڭ يېڭگە
چۈشلىرىم قىروۋغا باغلانغاندا
مەن سايىدىدىم
شۇ قۇشنىڭ قانات ئاستىدا...

گاچا قۇشۇم سايرار بەك ئوماق
مەن ئاگلايمەن
تا ھازىرغىچە ھېچنەرسە ئاگلاپ باقمىغان قۇلىقىمدا
تاغ قۇياشنى تىقىۋالغاندا
ئاچچىقىمدا ئۆلتۈرىمەن بىغەملىكىمنى
تۆرەلمىگەن نەۋرەمدىن قالغان
پىچىقىمدا...

قۇشۇم بەزلەر قولۇمدىن تارتىپ
مىنگۈزىدۇ بىر قانىتىغا
ئۇچۇپ ۋە ئۇچۇپ
بىلمەيمەن بېرىشنى نەگە
بىلىمەن پەقەت
مەنزىل بەك يىراق

ھارغان پۇتۇم
سەكرەپ چۈشۈپ قاناتتىن
كېتىپ قالار قورساق توقلاشقا...

كىرىچى يوق ئوقيارىم بىلەن
ئۇۋلايمەن مۇز ئىراسىدىكى جانلىقلارنى
ئۇسساپ كەتسە قۇشۇم
ئىچەر قېنىمنى
قورسىقى ئاچسا
كېسىپ بېرىمەن ھارغىن تېنىمنى...

بىر چاغلاردا
ئىككى پۇتۇم يىراقتىن
كېلەر ئورۇشۇپ
كىم ئېشىپ كەتسە يەنە بىرى تارتىپ كەينىگە
ھەر ئىككىسىنى سېلىپ بىر شاپىلاق
مۈگدەپ قالىمەن
ئەنسىز غەلۋىدە...

قۇشۇم ۋە مەن
تۈن ئاسمىنىنى پارچە پارچە قىلىپ

يەيمىز ئالدىراپ
يۇلتۇزلارنى ئايرىپ بىر ـ بىرلەپ
بەسلىشىپ ئاتىمىز يىراق ئۇپۇققا
ئۇلار توپلىشىپ
چاقىرىپ كېلەر قۇياشنى
جاھانغا . . .

قۇياش كۆردۇم ئەما كۆزۈمدە
تۇتماق بولدۇم چولاق قولۇمدا
مۆكۈۋالدى بۇلۇت كەينىگە

مەن چىنارغا يامىشىپ
ئاسمانغا چىققاندا . . .

شۇندىن بېرى ئىزدەپ يۈرىمەن
مەن تونۇيدىغان
ئەمما مېنى تونۇمايدىغان
بىر ـ بىرىمىزنى بەك سېغىنغان
تۆرەلمىگەن قېرىندىشىمنى
سامان يولىدا . . .

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

# ئىككى شېئىر

ئىمىنجان مۇھەم

## سېغىنىش

ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ياش تۆكتۈم دىلبەر،
غازاڭ باسقان باغلارغا قاراپ.
بىزنىڭ سۆيگۈمىز چۈلدىمۇ ياكى،
شۇ غازاڭدەك بىمەھەل خاراپ.

ئۆرتەنگەندەك ئاھۇ كۆز بۇلاق،
سېنىڭ دەردىڭ تۇتتى قەلبىمنى.
مۇڭلىنىپتۇ ئاشۇ مەجنۇنتال،
ھىجرانىڭدا ئېگىپ قەددىمنى.

كېتىپ قاپتۇ سەن بىلەن بىرگە،
بۇ باغلاردىن خوشناۋا قۇشلار.
سەن كەلگۈچە ئۆتەمدۇ ياكى،
تەبىئەتتىن قانچە رەت قىشلار؟

قارارىڭنى كىمدىن سورايمەن،
باھار بىلەن كېلەمسەن يېنىپ؟
كۈتۈشلەردىن ئاقىرىپ چېچىم،
ئۆتەرمەنمۇ سېنى سېغىنىپ.

## شۇ كوچاڭ

ئايدىڭ كېچىلەر كېلىمەن تەنھا،
مەيلىمنى تارتىپ سېنىڭ شۇ كوچاڭ.
ۋىسال دەملىرى ئاجايىپ شىرىن،
شۇ ۋىسال بىلەن ئاتارمۇ بۇ تاڭ.

كۆك ئۆزرە تولۇن ئاي مېنىڭ سىرداشىم
كۈلدۇ ھالىمغا چىم ـ چىم يۇلتۇزلار.
بىتاقەت كۈتۈرمەن سېنى دىلبىرىم،
شۇنداق كۈتەركەن سۆيگۈنى ئۆزلار.

بىلمەيمەن شۇ دىدار دەملىرى قاچان،
چاڭقىغان قۇش كەبى كۈتىمەن سېنى.

چىقمامسەن دىلبىرىم كىچىلەر پىنھان،
ئۆنتايلى بىر بولۇپ پۈتۈن دۇنيانى.

مەنزىلىم، ئارمىنىم سېنىڭ شۇ كوچاڭ.
بولبۇلدەك نالە قىپ ئوتلۇق كېچىگە،
كۈتمەن بىر سېنى ئاقارغۇچە تاڭ.

كېلمەن ھەر كۈنى يۈرەكتە بىر ئوت،
(ئاپتور نىلقا ناھىيە سۇپتاي يېزا توققۇز يىللىق مەركىزي مەكتەپتە)

# شېئىرلار

تاھىر ھاموت

## ئاغرىق

«مېنىڭ باغرىم سىلەر بىلەن.»

— ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ «ئازايىم قوشىقى»دىن

1

كېچىدە كىيىمنى سالمايلا ئۇخلاپ قالغانلار
چىغىر يولغا خەتەرلىك كۆلنى تۆكۈپ ماڭغانلار
پۈتى بىلەن قۇمنى جىجاپ شېئىر يازغانلار
قىزىل رەڭدىن سېرىق رەڭنى ئايرىۋالغانلار
تاڭ سەھەردە يۈزنى يۇماي ناشتا قىلغانلار
زاۋال پەيتى خۇدانى سۆيۈشتىن قۇتۇلالمىغانلار
ئۆلۈم يېنىڭلاردىن ئۆتۈپ كەتتى، كۆردۈڭلارمۇ؟!

بىر چاغلاردا، تىنىش بەلگىلىرى يوق جايلاردا ياشىغان ئىدىم
قەغەزدىكى قوڭۇر داغلارنى تۆكۈرۈكىمدە سۈرتكەن پېتى
ئاشۇ كونا قەغەزنىڭ ۋە جان تالىشىۋاتقان قارا سىياھنىڭ سۆيۈملۈك پۇرىقى نەقەدەر يۇمشاق!
لېكىن، ئىچىم ئاغرىيتتى، تىنىش بەلگىلىرى يوق جۈملىلەردىكى بابۇر مىرزا ۋە باشقىلارغا
(سەلتەنەت دەردىدە سارائلارچە غەرق مەست بولغان)
مانا بۈگۈن، سۇنغان سول قولۇمنى ئاق لاتا بىلەن مەھكەم تېڭىپ، ئاغرىقنى سەزمەي
ئوڭ قولۇمدىكى رەسىمگە قاراۋاتىمەن، رەسىم كەينىدىكى خەنزۇچە خەتنى ئوقۇۋاتىمەن
دەپ بېرەيمۇ بۇنى
يول بويىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان جىمجىت جۇۋانغا
(كۆن نۇرى ئۇنىڭ بويىنغا چۈشۈپ تۇراتتى، ئاستىدىكى قۇرام تاش قاتتىق ئەمەس چىڭ ئىدى)

مەن سىلەرنى كۆرۈشكە شۇنچە كۆچىدىم، تومۇرلىرىم چىڭقالدى، كۆزلىرىم تالدى
لېكىن، سىلەر مېنىڭ ئاغرىقىمدىن زېرىكتىڭلارمۇ
خۇددى، مەن تېخى يېقىندىلا ناتونۇش گۈزەل قىزلارغا تەلپۈنۈشتىن ئۆزۈل ـ كېسىل زېرىككەندەك
سىلەرگە ئايان (ماڭمۇ شۇنداق)، مېنىڭ نەپرىتىم ئېچىنىشلىق ئىسراپ بولۇپ تۈگەپ كەتمەكتە

2

يەتتە ياشلىق بىر بالا

چىگگىلەكىنىڭ غۇنچىسىنى يېگەن بىر بالا
جىگدىنىڭ يوپۇرمىقىدىكى ھەسەلنى يېگەن بىر بالا
ئاق قوناقنىڭ شېخىنى يېگەن بىر بالا
چۈچۈك بۇيا يىلتىزىنى يېگەن بىر بالا
قولىياغلىقتا چىگىلگەن بىر جىڭ ئۈچكە گۆشىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ باردۇ
بۇرنىدا قان
بۇ بالا كىمنىڭ بالىسى، بىلدىڭلارمۇ؟!

ئاپتاپ كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك
سىلەر توپلاشتىڭلار مېنى كۆرمەي، سىلەر نېمە بولماقچى، سىلەر نېمىگە ئايلانماقچى
مەن نېمىدىن ۋاز كەچمەكچى، مەن نېمىنى سىلاپ باقماقچى، مەن نېمىنى سىلەرگە كۆرسەتمەكچى
مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن ئۆتۈپ كەتكەن شامالنىڭ ئالدىنى توستۇم:
تۇرۇپ تۇرۇڭلار، شامالغا بىر گېپىم بار ئېيتىۋالاي:
ـ ئەي شامال، مېنىڭ ئۈچۈن ئەجەب دەرد تارتتىڭ
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ ساڭا
ماڭا ئايان، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى سەندە توزۇپ كەتكەن
قېنى، سەن ماڭا ئېيتىپ بېرەمسەن: زەھەر دېگەن قانداق نەرسە ئۇ
ئۇنى ئۈتسام قولۇم تىترەمدۇ، بىر ئوتلامغا ئادەم ئۆلەمدۇ؟!
مەن سىلەرگە پۈتۈمنى قىلىپ، كىيىمىم بىلەنلا دۇم يېتىپ ئۇخلىدىم
چۈشۈمدە، قاپقارا زۇلمەتنى تاپتىم
ئۇ مېنى باستى، بوينۇمدا يۆگىشىپ، قولتۇقلىرىمدىن، ئىككى يوتام ئارىسىدىن ۋە جېنىمدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى
مەن قوڭغۇراق گۈلنى چاينىغاچ تىكەنلەرگە دەسسەپ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرەۋاتقاندەك
ئۇن ـ تىنسىز ۋەھىمىدىن ھوزۇرلانغاچ، ئاغزىمنى يوغان ئاچتىم!

3

دەستە ـ دەستە نۇر
ئۇچۇم ـ ئۇچۇم سۇ
سىقىم ـ سىقىم تۇپراق
تەكرار ـ تەكرار ئاغرىق
تارام ـ تارام جان
ئەي سىلەر، مېنىڭ باغرىم سىلەر بىلەن، تۇيدۇڭلارمۇ؟!

مەختۇمسۇلا چوغنى ئېلىپ ماڭغاندا تۆككەن كۆل سىزىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە
مەن بولماقچى بولغان مەن يەنە كەلدىم
قاراڭغۇلۇقتىن سۇغۇرۇپ ئالغان پىچاقتەك، مېنىڭ قوينۇمدىن چىقىپ كەتتىڭلار
مەن سىلەرنى شەرەت قىلىمەن، ھەر سەھەردە زىكرى قىلىمەن
تېنىقىمدا ئالتۇن تور توقۇپ
ئاندىن سىلەرگە
پەلەمپەيلەردە ئۈيۈپ قالغان ئاياق ئىزىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن

## چەكسىزلىك

مەن سۆزلەردىن ئەھمىيەت ئىزدەپ
قارا بېسىپ تىلىم تۇتۇلغان چۈشتىن ئويغىنىپ
ئىتتىك سۆزلەشكە كۆنۈپ قالغان
دۇمبەمگە قانات ئۈنۈپ چىقىشىدىن ۋەھىمە يەپ
قوشقاچ كاۋىپىغا ئامراق قىزلارنى
خوتەندىكى كەچلىك بازاردا كۆرۈپ
ئاسماننىڭ چوڭ بىر گۈمبەز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ
قالغان

مەن بىر خەتنىسى قىلىنغان مۇسۇلمان
تارىم ئويمانلىقىنى ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا ئوخشىتىدىغان
يەنە بۇ ئوخشىتىشتىن گۇمانلىنىپ قىينىلىدىغان
مەن بىر پۇقرا، 45 ياشقىچە بۇ دۆلەتتىن چىقىپ باقمىغان
«چېگرا» دېگەن سۆز «ئۆلۈم» دېگەندەك تۇيۇلۇپ
غەلىتە تەرىزدە روھلىنىپ كېتىدىغان
مەن قەدىمكى دەۋردىن ئېشىپ قالغان بىر باخشى بولۇشۇممۇ مۇمكىن
مۇرىتلىرى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن
جىنلىرى ئاللىقاچان توزۇپ كەتكەن
كارامەتلەر ۋۇجۇدۇمغا يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك
مەن بىر تال ماياق، قازاق پالچىنىڭ قولىدىكى مايىقىنىڭ بىرى
ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغاندەك ھېس قىلىدىغان
مەن بىر ئەگرى سىزىق، ھالقىسىمان شەكىللەردىكى
مەن كاداڭ دەرەخنىڭ ياش ھالقىسىدا
مەن كەچكى شەپەقنىڭ نۇر ھالقىسىدا
مەن قول بارماقلارنىڭ ئىز ھالقىسىدا

مەن بىر شائىر، مانا مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن شېئىر يازىدىغان
بەلكىم ئايالىم بۇنى ئوقۇپ قالسا چۈشەنمىدىم دەپ يەنە قاقشايدۇ
بەلكىم دوستلىرىم مېنى ساقايماس كېسەلسەن دەيدۇ
لېكىن مەن يەنىلا باغلاقلىق ئىتتەك خاتىرجەم
چۈنكى مېنىڭ بۇ تىنىمسىز مىسكىن قەلبىمدە
سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولمايدىغانلار چەكسىزدۇر

## شەھەر كېچىسى

ئايروپورتتىن، ۋوگزالدىن، پاسسازىر بېكەتتىن چىققان سانسىز ئادەم
ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى ئاتار بۇ شەھەرگە
سىڭىپ كېتەر غەزەپ بىلەن يەرگە چېچىلغان پاسكىنا سۇدەك
لېكىن مەن پىيادە بارىمەن ئۇنىڭ كېچىسىنىڭ يېنىغا

چاقناپ ئۆتەر كۆز ئالدىمدىن
جاھىل كوچىلار، سەپرا ئاپتوموبىللار، مۈكچەيگەن
بىنالار، چەكچەيگەن چىراغلار، قىلىقسىز يوللار،
غېرىب ئەخلەتلەر، چىرايلىق زىندانلار، يالىڭاچ بېتون
تۈۋرۈكلەر

مەن يەنە كەلدىم، دائىم كېلىمەن
خۇددى ھېچقاچان كېتىپ باقمىغاندەك
بۇ شەھەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە بۇ كېچىنىڭ ماھارىتى
بىر قارا مۈشۈك ۋە بىر ئاق ئۆچكە بولۇپ
كېسىپ ئۆتىدۇ ئالدىمدىن ھەر قېتىم

مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى شۇ:
تاغ بىلەن ئىككىمىز بۇ شەھەرنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ
ئىككى تەرەپكە سوزىمىز

ئەمەلىيەتتە
مەن بۇ شەھەرنىڭ ھېچنېمىسىگە قىزىقمايمەن
ئۇنى ھەتتا ئۆلۈشكە مۇۋاپىق جاي دەپمۇ قارىمايمەن
ماڭا چاپلاشقىنى ئۇنىڭ كېچىسى
ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويىمەن، ئوغرى كۆزىگە قاراپ قويىمەن
قولىنى تۇتۇپ پەسكە تارتىمەن
تۇمانىنى يېپىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتىمەن

بۇ شەھەردە مەن بىر دۈشمەن ئۆزۈمگە قارشى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۇۋادان

(هېكايە)

ئابدۇقادىر يۈسۈپ



مۆمىناخۇننىڭ كۈندىن-كۈنگە پەسىيىپ كېتىۋاتقان هالى ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى قارىغايدەك بەش بالىسىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. قولۇم-قوشنىلارمۇ خۇدانىڭ بۇ مۆمىن بەندىسىدىن مۇنداقلا ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغاندەك، ئۇنى يالغۇز-يېرىم قويماي، تاپقان-تەرگىنىنى قولتۇقىغا قىسىپ يوقلاپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا، بەش بالىنى قاتارغا قاتقىچە مۆمىناخۇن بىلەن بار-يوقنى تەڭ كۆرگەن پاشايىمنى ئەنسىز خىياللار چىرماپ ئالاتتى. ئىلگىرى ياش چاغلىرىدا، جاھان مۇشۇلا ئوخشايدۇ، دەپ مۆمىننىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلغان قىلىقلىرى ئەسكە چۈشكەندەك تېنى سوغۇققىنە ئەندىكەتتى... ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، مۆمىناخۇنغا بىرەر ئىش بولۇپ قالىدىغان بولسا پاشايىم قانداقمۇ قىلار؟ دائىملا ئىسسى يېنىپ تۇرىدىغان مانتا ئوچاققا ئەمدى ئۇ ئۆزى ئوت يېقىپ چاي قاينىتارمۇ؟ چىلە-پوقىقا دەسسەپ كالا ساغارمۇ؟... پاشايىم شۇ ئىشلارنى ئويلىغاچ پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان ئاجىز كۈن نۇرىدا بوشقىنە نەپەس ئېلىپ مايلىشاڭغۇ كۆرپە-ياستۇققا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ، خۇدادىن كۈننىڭ سېرىقىنى تىلەپ ياتقان مۆمىناخۇنغا تىكىلگىنىچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

خوتۇنىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭلا تۈگىشىپ، ئۇسال هالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان ئۆڭ-سېلىنى خىرە-شىرە بايقاپ قالغان مۆمىناخۇن ئاستاغىنە ئىڭرىدى:

— خو... خوتۇن، ئۇنچىلىك ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما. خۇدايىم شىپالىق بېرىپ قالسا قايتا ئوڭلىنىپ قالارمەن ياكى خۇداغا يارىغان بولسام ئامانىتىنى ئالار، مېنىڭدىن كېيىن قالساڭ بەش بالا قاراپ تۇرماس. بالىلارنىڭ ھەرھالدا ئىنسابى بارغۇ؟... ئۆھۆ.. ئۆھۆ..

مۆمىناخۇن يېنىككىنە قېقىلدى.

— ئۇنداق دېمەڭلار دادىسى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىپ، سىلى كىم، بالىلار كىم. قەدىناسلىقنىڭ قەدرى قېرىغاندا بىلىنىدىغان گەپكەن، ياخشى بولۇپ قالارسىز، خۇدايىم ئاسانلىق بېرە، ئورنىڭىزدىن ئۆرە بولۇپ بالىلارنى دەرقەمدە باققىلى نېسىپ قىلار، ئىلاھىم.

پاشايىم ئۇنىڭ چوكا مۇزدەك ئاجىز پۇت-بىلەكلىرىگە قول ئۇزارتتى.

— ئانىسى، سېنىڭدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنەي، هالىم ئۆزۈمگە ئايان. شۇڭا مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا سېنى بالىلار بىلەن جەم قىلىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالاي دېگەن، بالىلارنى چاقىرغان بولساڭ.

ئىشىك ئېچىلدى. بالىلار بوسۇغىدا پەيدا بولدى. تۆت ئوغۇلنىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلىپ، ئالدىنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ ئۈلگۈرگەن مۆمىناخۇن ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا تۆت-بەش قولۇم-قوشنا بىلەنلا بالىلارنىڭ كەنجىسى غىلاجىدىننىڭ سۈننىتىنى قىلىپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغان ئىدى. يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان پاشايىم يالغۇز تىكەندەك جېنىمغا قول-قانات بولۇپ قالار، دەپ

ئۇلتۇرسا ـ قوپسا خۇدادىن قىز تىلىگەنىدى. بىراق تىلىكىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ تۇغۇلغان كەنجىتاي دەل شۇ غىلاجىدىن ئىدى.

غىلاجىدىن سىرتتا ئويۇن بىلەن بەند بولۇپ قالىدى بولغاي كېچىكىپرەك كىردىيۇ دادىسىغا تاشلانغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مۆمىناخۇن غىلاجىدىنغا ئاجىز قولىنى سۇندى. بېشىنى سىلىدى، پاشايىم بالىلارنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

ــ بالىلىرىم، يېنىمغىراق كېلىڭلارچۇ؟

بالىلار قونداقتا تاشلانغان توخۇلاردەك تېزلىك بىلەن پەگادىن تۆرگە چىقتى ـ دە، دادىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

مۆمىناخۇن تەستە تىناتتى. پات ـ پات قېقىلىپ كېتەتتى. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى بالىلىرىغا تىككىنىچە پەس ئاۋازدا:

ــ بالىلىرىم، مەن ياخشى بولالمايدىغان ئوخشايمەن، سىلەر بەش بىر قېرىنداش مېنىڭدىن كېيىن قالغۇدەك بولساڭلار يالغۇز تىكەندەك ئاناڭلارنى ياخشى ئاياڭلار، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ئائىلىمىزدە قىز يوقلۇقنى بىلىندۈرمەڭلار. مۇناجىدىن سەن بالىلارنىڭ چوڭى، تۇرمۇشىمىز غورىگىلچىلىكتىلا ئۆتتى، ئاپاڭغا، ئىنىلىرىڭغا ئوبدان قارا، سەن تۇغۇلغان يىلى سا... ئۆھۆ... ئۆھۆ...

بۇ قېتىم مۆمىناخۇن قاتتىق قېقىلىپ كەتتى. نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئىلغا قىلماق تەس ئىدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ــ هاسانجان قېنى بۇياققا.

پاشايىم ئورنىدىن مىدىرلاپ قويدى.

خۇدانىڭ سالىمى بىلەن كىرىپ كەلگەن بۇ كىشى مۆمىناخۇننىڭ قىيامەتلىك قوشنىسى، ئۆمۈرلۈك بۇرادىرى هاسىناخۇن ئىدى. هاسىناخۇن ئاغىنىسى ساقىسىز بولۇپ قالغاندىن بۇيان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپچەكلەپ يۈرەتتى. هەر كۈن، هەر سائەت دېگۈدەك ئاغىنىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن كېتەلمەي، كۆز ـ قۇلىقى مۆمىناخۇنلارنىڭ هويلىسىغا ئاغاتتى.

ئۇ قولىدىكى ئۆگۈپ كەتكەن قول ياغلىقتا تۈگكەن تۈگۈچنى غىلاجىدىنغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، مۆمىناخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ جايلاشتى.

ــ دادا، دادا، هاسانكام سېنى يوقلاپ كىرىپتۇ.

مۆمىناخۇن كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى، ئېغىزلىرىنى ئۆمەللەپ بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى ـ يۇ، هەپسىلىسى قولاشمايتتى.

هاسىناخۇن ئۇنىڭغا دەم سالغاچ، باش ـ كۆزلىرىنى سىلاشتۇردى هەم بالىلارنى سىرتقا چىقىپ تۇرۇڭلار، دېگەندەك قىلىپ ئىمەك تاشلىدى.

بالىلار بۇ ۋاپادار، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مۆمىن، مۇلايىم، ساپ دىل دادىسىغا قىيالمىغاندەك سىرتقا مېڭىشتى.

ــ قىغ... قىغ... قىغ...

مۆمىناخۇن بىر خىلدا تىنىپ، نەپسى قىسىلغان هالەتتە ياتاتتى.

هاسىناخۇن سىرتقا چىقتى، بالىلار ئىشىكتىن نېرى كەتمىگەن ئىدى.

ــ بالىلىرىم. بۇ ياققا كېلىڭلار

بالىلار هاسىناخۇنغا ئەگىشىپ پېشايۋاندىن چۈشتى، بالىلارنىڭ بۇ مەيۈس هالىتىنى كۆرگەن هاسىناخۇننى يىغا تۇتتى، كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇمۇ غىلاجىدىنغا ئوخشاش يىغلاپ كەتسۇنمۇ؟ ياق،ياق. ئۇ يىغلىمايدۇ، چۈنكى مانا ئەمدى بىر تىنىق ئۈستىدە قېلىۋاتقان جان ئاغىنىسىنىڭ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلىرىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئەقلىنى بىلىپ سىر ـ ئەسرا بولۇشقانىنىڭياقى بىر ـ بىرىدىن سىر تۇتقان ئەمەس، هەتتا ئۇلارنىڭ خەتمىلىرىمۇ كۈن ئاشمايلا ئادا قىلىنغان. كوممۇناغا تازا بەردەم ۋاقلىرىدا يارىغان. خامان تەپكەن، ئات مىنىپ، تۇلۇق چۆرگىلەتكەن، جاهاننىڭ كارامەتلىرىدە تۈزۈككىنە خەت ساۋادىنىمۇ چىقىرالمىغان مۇشۇ پاشايىمغىمۇ مۆمىناخۇنغا ئۆزى ئىشىك ئېچىپ ئەلچى بولغان ئەمەسمۇ. راست، پاشايىم ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقماي قويدى. هاياتىنىڭ زۇلمەتلىرىگە بۇ خۇدانىڭ ياۋاش، ئاغزىدىن نېنى چۈشۈپ قالغان بەندىسىنى يەم قىلدى. «ياخشىنى يامان دەيسەن ياراتقان خۇدا يوقمۇ» دېگەندەك ئىش قىلدى. مانا ئەمدى مۆمىناخۇنغا مۈلدۈردەك تۆكۈلگەننىڭ نېمە پايدىسى. هاسىناخۇن ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا غەيرەتلىك بولسۇن. ئۇنى گۆرىدە خاتىرجەم ياتقىلى قويسۇن. (مۆمىناخۇننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



هالى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى) مۆمىناخۇن ئەمدى ھەممە - ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئارام ئالىدىغان بولدى.

ھاسىناخۇن تەك ئاستىغا جايلاشتۇرۇلغان گۇل تەشتىكى يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى. باللار ئەتراپىنى ئوراپ، ئۇنىڭ شالاڭ تۇك باسقان پەرىشان ھالىغا قاراپ تۇراتتى.

ھاسىناخۇننىڭ ئۆپكىسى ئۆرلىدى. كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ مۇنۇ ئىمىن ۋاڭ مۇنارىدەك قەد كۆتۈرۈپ ئىگىسى بىلەن تەڭ بۇ قورۇنىڭ كەچمىشلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ سايە، بەرىكەت ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان سۆۋادان تېرەككە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ مۆمىناخۇننىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئارقىدىكى بىر قانچە چىچقاق تورپاق تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مۇشۇ سۆۋادان تېرەك شۇنداقلا بەش بالىسىدىن بۆلەك دۇنياسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە تىككەن كۆچەت، پەرۋىش قىلغان جىرىملىرىدىن تۇرمۇشىنىڭ ئۆتمە - تۆشۈكتەك كەم - كۈتىسىنى يامايمەن دەپ سېتىپ تۈگەتتى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆۋادان تېرەكنىڭ بۈگۈنگىچە پالتا تەگمىگەنلىكى بۇ ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن بىر سىر ئىدى. بۇنى پەقەت بىر خۇدا ئاندىن قالسا ھاسىناخۇنلا بىلەتتى. بۇ سۆۋادان تېرەككە خېرىدار كەلمىدى ئەمەس كېلىپ تۇردى. پاشايىمنى قۇترىتىپ: «ساتمامسەن، قولاقىا زېدە - زۇننار ئاسمامسەن، مەھەللە - كويىدىكىلەردىن قالامسەن» دەپ ئۇنى شەيتان ۋەسۋەسىگە سالغانلارمۇ ئاز بولمىدى. نېمە دېگەنبىلەن مۆمىناخۇن بۇنىڭغا كەلگەندە ئۇندىمىدى - يۇ، بوش كەلمىدى. ئۇ بۇ قەدىناس ھەمراھىنىڭ سايىسىنىڭ بەرىكىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى.

—ھاسانكا، دادام بۇ ھەقتە ماڭىمۇ جېكىلىگەن ئىدى، ئۇنىڭىسىزمۇ؟—مۇناجەتدىنىنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىۋالغاندەك سۆزلىيەلمەي قالدى.

—بولىدى، بولىدى، داداڭلارنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن، نىزامىدىن سەن بېرىپ ياغاچچى ئىمرىنى چاقىرىپ كەل.

قۇچاق يەتكۈسىز بۇ سۆۋادان تېرەكنى ئەسلىدە مۆمىناخۇن توي كېچىسىنىڭ ئەتىسى تىكىپ قويغان ئىدى. ئۇ، ئالىمدىن ئۆزىگە ئەجەل يېتىپ، خۇدا ئامانىتىنى ئالغۇدەك بولسا، مۇشۇ ياغاچ بىلەن تەڭ كېتىشنى ئويلايتتى. ھەمىشە ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا باللىرىمغا ئېغىرچىلىقىم چۈشمىسە بولاتتى دەپ ئويلاپ يۈرگەن مۆمىناخۇن ئاشۇ دەرەخنى يىقىتىشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ خۇشلۇقىمۇ، خاپىلىقىمۇ ھەمنەپەس - تەقدىرداش بولۇپ، ۋاپادار ئىگىسىگە سايە تاشلاپ كەلگەن بۇ سۆۋادان تېرەك ئاخىرقى ھېسابتا ياغاچچى ئىمرىغا **400** يۈەن خەلق پۇلىغا ئايرىۋاشلاندى.

ئادەتتە ياغاچ سودىسىدا سودىنى پۈتتۈرگۈچە «ھە... دېگىنە... ماڭا قارا...» دېگەندەك كېپەكتەك پارىڭى بىلەن ساتارمەننىڭ بېقىنىنى يېغىر قىلىۋېتىدىغان ياغاچچى ئىمرىمۇ بۇ سودىغا كەلگەندە گېجىڭلىق قىلىپ ئولتۇرمىدى.

خۇدا ئاخىر بۇ مۆمىن بەندىسىدىن ئامانىتىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرى ئاغىنىسىنىڭ قاپقارا تۈك باسقان قاتراڭغۇ بىلەكلىرىدە قېتىپ قالدى. پاشايىمنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، رومالىنى تۇرمەللەپ كۆزلىرىگە باستى. باللار نالە - زار قىلدى. ۋاقىتسىز پالتا يېگەن سۆۋادان تېرەكنىڭ شاخلىرى ژىرىلىپ، ياپراقلىرى سولىشىپ يەردە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. پەتىچىلەر ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ھويلىغا يىغىلدى.

* * *

ئۇ شۇنداق بىر چاغلار ئىدى، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، ھەتتا ئاش - نېنىنى ئۆزى يەپ، ئىشتان - كۆينىكىنى ئۆزى چاغلاپ كىيەلىگۈدەك بولغان تىرىك جانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەمگەك قىلاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ نېسىۋىسى، موھتاجلىقى مەھەللە ئاشخانىسى، ئېتىز بېشىدىكى داش قازانلاردا بولغاچقا ھەممىلا ئادەم تىرىكچىلىك كويىدا تېپىرلايتتى. قايسى ئۆيدە ئادەم كۆپ، شۇ ئۆيدە نورما كۆپ. شۇڭىمۇ بۇ چاغنىڭ ئەركەكلىرى ئېتىز بېشىدىن ھېرىپ - ئېچىپ يانغىنىغا قارىماي تاپسىدىكى مانتا ئوچاقنىڭ يورۇقىدىلا خوتۇنلىرىغا پوخورلۇق قىلىپ قويۇاتتى. خوتۇنلارمۇ ئۆز بەستىگە يارىشا باللارنى تۇغۇۋېرەتتى. تۇغۇلۇپلا قالغان باللار قاتارغا قېتىلىپ كېتەتتى. بوۋاي - مومايلار ئەترەتنىڭ بۇغدىيىغا باغلىق ئەگكەچ، باللارغا قارايتتى. قاش قارىيىپ،

يۇلتۇزلار مارىشىپ، ئاي جامالى نۇرلانغان سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەر ئاجايىپ سۆيۈملۈك. ئۆي - ئۆيلەردىن چالا پوكان چىقىشقان ئۇششاق باللار كوچا - كويلاردا زاغرىنى قىزارتىپ تەپتىنى يوقاتمىغان تونۇرلاردىكى ئوتلارغا كاۋا، بەرەڭگە، قىزىلچىلارنى كۆمۈپ قويىدۇ - دە، قىزىق - قىزىق پاراڭلارنىڭ پىلتىسىغا ئوت ياقىدۇ. تىنىمسىز تىرىكچىلىكتىن بېشارەت بېرىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئەترەتنىڭ ئۆكۈز ھارۋىلىرىنى ھەيدىگەن ھارۋىكەشلەرنىڭ ھارغىن ناخشىلىرى كېچە جىملىقىنى بۇزىدۇ:

قىزارىپ تەنگە سىغماسمەن،
مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى.
جىمى ئادەمگە بەرمەسمەن،
سېنىڭدەك روزىغارىمنى.

—ھوش... چۇھ... چۇھ...

—ھەي باللار، قاراڭلار، كىم كېلىۋاتىدۇ...

—مۆمىنكامغۇ بۇ، بۇگۈن مەڭگەن توشىمىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا بىزنى ھارۋىسىغا سېلىۋېلىپ، مەڭگەن چىڭدىتاتتى...

—يۈرۈڭلار باللار، مۆمىنكامدىن ئاخشامقى چۆچەكنىڭ داۋامىنى ئاڭلايلى.

باللار ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك غىڭىلدىشىپ مۆمىننىڭ يولىنى توستى. ئۆكۈزنى يولنىڭ بويىدىكى بىر دەرەخكە قاڭتۇردى. مۆمىن بېشىدىكى مانچېستېر بۆكىنى قولىغا ئېلىپ، ئارىدەك قاتاڭغۇر قوللىرى بىلەن سامان - مەڭگەنلەرگە مىلەنگەن بېشىنى تاتىلىغانچە باللارنىڭ سەبىي قىلىقلىرىغا ھەۋەسى كېلىپ ئۈندىمەي ئولتۇراتتى.

—مۆمىنكا، بوله، بوله. ھېلىقى پاقا چوكاننىڭ قالغىنىنى ئەتە ئېيتىپ بېرىمەن دېۋىدىڭ، ھەجەپ ياخشى ئۇچراپ قالدىڭ.

باللار ئۇنى تارتقۇچلاپ ھارۋىدىن ئاجراتتى. تونۇر بېشىغا ئېلىپ چىقتى. ئەتراپىنى قورشاپ ئېڭەكلىرىنى بۇدرۇقىنە قوللىرىدا تىرىگىنچە ئۇنىڭغا تەمشەلدى.

—بوپتۇ، چۆچەكنى ئېيتىپ بەرسەم ئېيتىپ بېرەي، بىراق بۇگۈن كېچە مېنىڭ چۆچەك ئېيتقىنىمنى ئاپام ئۇقۇپ قالمىسۇن. ئەگەرچەندە چۆچەك ئېيتقىنىمنى ئاپام بىلىپ قالسا تۈگەشكىنىم شۇ.

تۇۋۋا، بۇ بىزنىڭ مۆمىننىڭ مۆمىنلىكىنى قارىمامدىغان. ئاپام ئۇقۇپ قالسا ئىش چاتاق دېگىنى نېمىسى ئەمدى. ھە راست مۆمىنجاننىڭ ئاپىسى زىۋەرەخان مومايمۇ قىزىق ئايال، كۆڭلى دەريا. سۆزى تۇتىيا،. ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز زۇۋان قىلىپ قويۇشى بۇ ئائىلە ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېڭىلىق، ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى، قولىنىڭ تەمى، بالا بېقىشتىكى ئېپچىلىقى تېخى. ئۇ ھاشىم ئوتاقچىغا چۈشكەن چاغلىرىدىلا شۇنداق سۇمباتلىق قىز ئىدى. مەھەللە كويىدا ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئەركەك بەندىسىنىڭ بىر يەرلىرى جىددىي تورمۇزلىنىپ قالاتتى. گەپكە تەمشەلگەن ئېغىزلىرى ئىگىر يۇتقاندەك قىمىرلايتتى. ھاشىم ئۇنىڭغا قانداق ياراپ قالدى؟ ئىككى ئائىلىنىڭ تام قوشنىلىقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىسسىقچىلىق سالدىمۇ - يا. توغرا، توغرا، يەنىلا ھېلىقى پۇچۇق تام بىلەن ئايرىلغان پاسىلدىكى ئاق ئۆرۈك ئۇلارنى تولا ئۇچراشتۇرغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلاردىكى قوشنىدارچىلىقنىڭ نوچىلىقى، قوشنا ھەققى خۇدا ھەققى، دەپ بىر قوشۇق تاماقنى قوشنىغا قىسىنىپ، ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان سېخىي ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكچۇ تېخى. تازا ئۆرۈك پىششىقى چاغلاردا زىۋەر ھاشىمغا ئۆرۈك قاقتۇرۇپ يەيدۇ. ھاشىم شاخ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆرۈك قاقىدۇ. گۈللىرى شوخ - شوخ باسمىدىن تىكىلگەن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلىكىنى قايرىپ ئېتىكىگە ھاشىم قاققان ئۆرۈكلەرنىڭ بىرىنى قويماي تېرىيدۇ. بەزىدە تەنتەك زىۋەرنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېچىلىپ قالغان يوتىلىرى ھاشىمنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ ۋۇجۇدىنى غىدىقلايدۇ. شاختىن ئۆرۈك قېقىلمايدۇ.

—ھاشىم، ھېرىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

—ھە. مانا، مانا.

ھاشىم شۇندىلا شەھۋەتكە تىزگىن سالىدۇ. شاخ ئۈستىدە ئۆرۈك قېقىۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ. زىۋەرمۇ كۈن ئاتلىماي قوشنا ھەققى دەپ تاماق توشۇيدۇ. ئۇلارنىڭ مېھرى بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق چۈشۈپ قالغان. ئىككى ئائىلە كىشىلىرىمۇ بۇ بىر جۈپلەرنىڭ ئارمىنىنى يەپ غېمىنى قىلىشاتتى. ئېيى كەلگەندە «سېنى كېلىن قىلىۋالمىسام»، «بالاڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماڭا كۈيئوغۇللۇققا تۇتۇپ بەر» دېگەندەك ئەقىدە ـ ئارمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقۋىتىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ، نامازلىرىدا ياراتقان ئىگىسىگە سېغىناتتى. ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئاخىر بىر يىپقا چىگىلدى. زىۋەرمۇ سۇمباتىغا سايە تاشلىغان ھايات كەچمىشلىرىگە تەن بەردى. ھاشىمنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچتى. بۇ قەدىناسلارنىڭ ھاياتىدا كۆرمىگىنى كۆپ، يېمىگىنى چۆپ بولدى. تۆت بالىنى ئەل قاتارى چوڭ قىلىپ بېشىنى ئوڭلاپمۇ ئۈلگۈردى. بىراق نۆۋەت مۆمىنگە كەلگەندە ھەممىلا ئىش كاجلاشقىلى تۇردى.

ــ ھاشىم، بۇ بالىنىزە يېشى بولسا 35 تىن ھالقىدى، يە بىرە ئىشتىن شەپە بەرمىگەن، خۇدايىم كۆتەك ھارۋا بىلەن ئالا ئۆكۈزگە بەرگەن مېھرىنى ئىگەكىم بىرە قىزغا؟

ــ ھەي... خوتۇن نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا شۇ بالاڭنىڭ خامىلىقى ـ دە، مەھەللە ـ كويىدا قىز ئەدۋايىدىن تولا نېمە يوق، ئەتىگەندە سۇ توشۇغاندا، كۆلدىن قىزلارنىڭ چېلىكىگە سۇ تارتىپ بەرسىمۇ ھېساب. كۆرۈك، شۇنداق چاغدا قىز دېگەننىڭ خۇي ـ خۇلقىنى، گەپكە پاشنا قويۇشلىرىنى، يادىڭدىدۇ، مەنمىچۇ قارا ئۆز ۋاقتىدا سېنى چۈشىن قوندۇرماي، كۆنگە چاندۇرماي تۇرۇپ ئىككى تال ئاق ئۆرۈكنىڭ غورىسىغىلا گوللىغان ئەمەسمۇ؟

ــ ۋىيىي، ما ئادەم نېمە دەيدىغاندۇ ئەمدى، ساقىلىنى ساغاتىپ، قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق، دەپ.

ئەر ـ خوتۇن كېچە جىمىلىقنى بۇزۇپ، بوسۇغىدا «ئاپا» دېگەن زۇۋان پەيدا بولغۇچە بىر ـ بىرى بىلەن ھەپىلىشىپ چاقچاق قىلىشتى. بۈگۈنكى مۆمىنجاننىڭ يېشىنى ياشىغان چاغلىرىنى ئەسلەشتى. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ـ ھە! ئىلگىرى تېقىمىغىچە چاچ قويۇپ، ئىپاردەك ھىدى بىلەن ھەممىنى مەست قىلغان زىۋەر مانا ئەمدى تاپىسىدىن دالجىماي ئىس ـ تۈتەككە تاللىنىپ يۈرىدىغان زىۋەرخانغا ئايلاندى. ھاشىممۇ مايمۇندەك چېۋەرلىكىدىن قالدى. ئالما ـ ئۆرۈكلەرنى قېقىش ئورنىغا قولىدىكى ھاسىغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەر يىلى ئۆرۈك گۈللىگەن پەسىلنى قولدىن بەرمەيدۇ. باغلارنى ئارىلىغاچ ھال ـ مۇڭ قىلىشىدۇ، ئۆرۈك چېچەكلىرىنى. كاككۇك گۈللىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ چېكىلىرىگە قىسىشىپ گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى يادىغا ئالىدۇ. ئۆتتى ئۆتۈپ كەتتى، ھەممە ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇلار مۇنۇ ئالدىدا مۇشۇ تۇرقىدىمۇ بىرەر قىزنىڭ پېيىغا چۈشۈپ، كۆيۈش ـ كۆيدۈرۈش دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، شاپتۇلنىڭ تەمىنى تېتالماي، تونۇر بېشىدا بالىلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ يۈرگەن مۆمىنجاننى ئويلىمىسا بولمايتتى. ھەي، مۇشۇ بالىنىڭ يۇۋاشلىقىنى ـ زە، بولمىسىغۇ بۇ زاماننىڭ قىزلىرىدا ئۇ ئەندىككىدەك «چاتاق» يوق. بۇ زاماننىڭ ئادەملىرى شۇنداق ساددا، ئىنقىلابىي، راستچىل تۇرسا، ھەر يىلى بىنەم بۇغداي ئورمىلىرىدا شۇنچە قىز ـ ئوغۇللار بىر پالازدا يېتىپمۇ، يەنىلا خورىكىنى بولۇشىغا تارتىپ ئۆزىنىڭ چۈشىنى ئۆزى كۆرۈپ، سەھەردە ئەمگەككە كېتىۋاتقان ئىشلارنى مۆمىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تۇرسا، ئۇ يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيدىغاندۇ، ياكى ئۆزى؟!

مەھەللىدىكى تەڭتۇش قىز ـ ئوغۇللارنىڭ تەڭدىن تولىسى جامائەتكە قورداق يېگۈزگىلى نېكەم.

قورۇسىغا كىرگەن توخۇ ئوغرىسىنى مال بىلەن تەمىنلىگەن بۇ رايىش بەندە، يات بىر جىنس ئالدىدا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا، قىز دېگەننىڭ ھىدىنى پۇراپ بېقىشقا قادىر ئەمەستەك قىلاتتى. دېۋاننىڭ سۇر ھاڭگىسى چېغىدا كوچىدىكى ئالقاندەك داغ ـ نەملىكنى كۆرسە، ئىگىسىگە يېنىپ پەيزى قىلىپ، تۈكلىرىنى تىترەتكەن يەردە، بۇ مۆمىنگە نېمە بولغىنى؟! ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغرىنى مال بىلەن تەمىنلىگەن ئەخمەقلىقىنى قىزلارنىڭ ھەزىل قىلىپ كۈلكىگە قويۇشىدىن ئەنسىرەمدىغاندۇ؟!

ئەتىيازنىڭ تازا سېرىقتال، ئۈچەي سېرىلدى چاغلىرى ھەممىلا ئادەم كوممۇنانىڭ بوسۇغىسىدىن كېتەلمەي، ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىلتىپاتىغا تەلمۈرۈپ، ئاۋانس نورمىغا ئىككىلىك خىزمەن ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاشىماخۇن بىلەن زىۋەرلەرنىڭ بالىلارنى توق ـ توق يېگۈزەرمىز دەپ بېقىپ يۈرگەن بىر جۈپ خوراز ـ مېكىيىنىغا سوغۇق قول تەگدى.

ئەتىياز كۈنلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدىغان

ئەترەتنىڭ ئوغۇل يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا مۆمىنجان يەنىلا سەپنىڭ ئالدىدا جۇۋازچىنىڭ كالىسىدەك باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدۇ. باغرى بالىسىز سوۋۇپ قالىدىغان جاپاكەش ئانا بولسا بوسۇغا ئالدىدا بۇ رايىش بەندىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈش بىلەن ئاۋارە. بوگۈنمۇ قۇياشنىڭ قىزىللىقى يوقىدى. مۆمىنجاننىڭ قارىسى كۆرۈنەر ئەمەس. ئەتراپنى كۆگۈم پەردىسى قورشاپ، مەھەللىلەرگە قاراڭغۇلۇق تىقىلماقتا. يوق، يوق، ئۇ يەنە بىر يەرلەردە پاراڭغا تۇتۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ. تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغىدىمىكىن، ئەيتاۋۇر زۆھرەخان ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ دېرىزە تەكچىسى تەرەپكە تەمشەلدى. قۇلىقىغا ھويلىدىلا بىر ئەنسىزچىلىك يۈز بېرىۋاتقاندەك مەلۇم بولدىيۇ، ھەرقاچان كوچىنىڭ غەۋغاسىدۇر، دېگەن ئوي بىلەن چىراغنى پەرلىدى.

—خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت، كۆز قارىچۇقۇم كەبى بالامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ئىلاھىم، كۈندۈز كۈننىڭ بالاسىدىن، كېچە تۈننىڭ قازاسىدىن ئامان ئېسەن قىلغايسەن.

تاڭ ئاتتى. تىرىك جانلار بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىككە تۇتۇندى. زۆھرەخان سەھەر تۇرۇپ، ھاشىماخۇننىڭ تەرىتىگە سۇ تەگشىدى. مۆمىنجان ياتىدىغان ئۆيگە باش تىقىپ، ئۇنىڭ ئېغىر ھارغىن ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى-دە ئويغىتىشنى بىئەپ كۆردى. «بوپتۇ، بالام ئۇخلا، ھارغانسەن، مەن ساڭا چاي تەييار قىلاي». زۆھرەخان كۈندىكى ئادىتى بويىچە مۆمىنجانغا تۇخۇم قىيامى قىلىپ بەرگىلى كاتەكتىن تۇخۇم ئېلىپ كىرگىلى چىقتى.

—تۇۋا قىلدىم، تۇۋا—ئۇ ئاغزىنى ئۇمەللەپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. خوراز ھويلىدىكى ئالمىنىڭ ئۈستىدە قەغىشلىنىپ قىچقارماقتا. كاتەكنىڭ ئىشىكى دەملەكلىك. ئايان بولدىكى باققالنىڭ سېۋىتىدەك كىچىككىنە كاتەكتە بىچارە مېكىيان ئۇيان-بۇيان تاشلىنىپ گۈگرايتتى. كاتەك ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن تەڭ زۆھرەخاندىن قىزغانغان خوراز پەسكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. كېچە غېرىبلىقى خورازنى قىينىغان ئىدى. كاتەك ئىچىدە يېقىملىق مېلودىيە باشلاندى.

—قو... قو... قوق... قو... ق

خوراز مېكىيانغا قانات سۆردى. ئېھ مۇھەببەت! بۇ جانىۋارلار كېچىچە مۇزلىغان تەنلىرىنى ئاتەش نەپەسلىرى بىلەن ئىللىتى.

ئەتىگەنلىك يىغىلىشقا يەنە داڭ ئۇرۇلدى. مۆمىنجاننىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلدى، زۆھرەخان ئەتىگەنلىك چايغا داستىخان سالدى.

—ھەي بالام، مەي بالام قارىساڭا ئاخشامقى ھاڭۋاقتىلىقىڭنى كاتەككە مېكىياننى سولاپسەنۇ، خوراز جانىۋار ئالما ئۈستىدە تۈنەپتۇ، ئۇۋال ئەمەسمۇ، ئۇۋال بۇ تىلسىز جانىۋارلارغا.

بۇ گەپلەر مۆمىنجاننىڭ قۇلىقىغا كىردىمۇ-يوق بۇنىسى بىزگە نائېنىق، ئەپسۇس، ئۇ بۇۋىسىدىن تەۋەررۈك قالغان يوغان ئالما گۈللۈك ئاپقۇرىغا پاتمانلاپ چىلىۋالغان ئېغىر زاغرا پارچىلىرىنى ئېرەنسىزلىك بىلەن يالماپ ئولتۇراتتى.

—ھە، ئاپا، ئەسلىدە ئىش مۇنداق، ئاخشام نىزاكامنىڭ دوقمۇشىدىكى تونۇر بېشىدا پاراڭ سېلىشىپ بالىلار بىلەن يەتتە خۇپتەن بولاي دېگەندە ئاندىن قايتتۇق. ھويلىغا كىرىپلا يۈرىكىم سېلىپ كەتتى دېگىنە، كاتەك تەرەپتە بىر كۆتەكنى پاتۇرۇپ قويغاندەك بىر نەرسە تۇرمامدۇ، بېرىپ قارىسام، كىمكى ئىشقىلىپ بىرى ئاياق تىۋىشىمنى ئاڭلاپ: «بۇ نېمە سەتچىلىك مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ھە، دېگىنە، ھە ئالامەت قىزىق، بېشى كاتەكنىڭ ئىچىدە، قوڭى تەرەپ سىرتتا، تۇرۇپ كۈلگۈم كەلدى. تۇرۇپلا بۇ بىچارىگىمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. قارا ئاپا ئاشۇ بىچارىمۇ خۇدا، دەپ تەۋەككۇل قىلغان گەپ، ئۇنى ئاۋايلاپ كاتەكتىن تارتىپ چىقاردىم، ئوغرى دېگەننىڭ خۇيىمكىنتاڭ، قولى كاتەكتىن قۇرۇق چىقمىدى. قارا مېكىياننىڭ پەيلىرى يۇلۇنۇپ كېتىپتۇ.

—ۋاي ئېستەي، ۋاي ئىست. بىچارە قارا مېكىيان ساڭا تۇغۇپ بېرەتتى ئەمەسمۇ؟—زۆھرەخان گەپنىڭ ئايىغىغا تەمشەلدى.

—شۇنى دېگىنە ئاپا، ھېلىقى ئوغرى كىم؟—دەپ سورىمايسىنا كىم بولماقچىدى يەنە شۇ مەخسۇتكامنىڭ بالىسى ھېبۇل بەز. ئۇنىڭ بەز، گەپ يېمەسلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىراق، شۇ ئاداشمۇ قارا مېكىيانغا ھاجەت بولۇپ كىرگەن گەپ، ھاجەتمەننى قۇرۇق قول ياندۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس، دەيتتىڭ ئاپا، شۇ گېپىڭ قۇلىقىمغا قوغۇشۇن

قۇيغاندەك ئورناپ كەتكەن چېغى سېخىيلىقىم بىر تۈتتى، قارا، ھەي بەز، مېكىياننى قوي، خورازنى ئال، مېكىيان دېگەن ئۈيىمىزنىڭ بەرىكىتى. مۇنۇ خوراز دېگەن كاساپەت كۈندە نەچچە ۋاق قىچقىرىپ ئادەمنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونىلار: «تۈن نىسپىدە قىچقارغان خوراز ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس، خوراز دېگەن تاڭدا چىللاپ كىشىلەرنى ئويغىتىدۇ، مانا بۇ خورازنىڭ سەرخىلى» دېيىشىدۇ ـ دېۋىدىم ھېبول بەز خورازنى پوكىنىغا بېسىپ چىقىپ كەتكەن. خورازنىڭ ئالما شېخىدا تۇرۇپ قالغىنى قىزىق...

ــ ۋاي جېنىم بالام، شۇ جانىۋارنىڭمۇ ئىگىسىدىن سۆز ئىچمىگەن گەپ، بولمىسا ئەتىگەندە چىللاپ ئويغىتار ئىدى.

ئانا ـ بالا ناشتىدا غىزالانغاچ ئۇزاق مۇڭداشتى. ئەترەتنىڭ داڭ گۇدۇكى بېسىققىچە مۆمىنجان ئەترەت ئەزالىرى قاتارىدا بەلگىلەنگەن جايغا ئۇنۇپ بولۇشى شەرت، ئۇنداق بولمايدىكەن دەپتىرى گۆگىسىز، ئۆزى نورمىسىز قالىدۇ.

ئۇ كەتتى. زىۋەرخان ئايىغى چىقماس خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئېگىكىنى ئۇچلاپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى. مۆمىنجاننىڭ تۇرغان تۇرقى مۇشۇ تۇرسا بىرەر قىز زاتىغا ئىككىمىز «ھېلىقىدەك» دەپ ئېغىز ئاچمىقى بەسى مۇشكۈل. ھەي، ئۆي دېگەندە ھەنىۋاسىنىڭ كۆچى بىر ئانىغىلا يەتكەن. ئۆتكەندە ھاشىماخۇنغا گەپ تاشلىۋېدى، زىۋەرخان دەككىسىنى يەپ قالدى. ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن، ئايال كىشىنىڭ ئىرادىسى بوسۇغىدىلا تۇرسا. توغرا، مۆمىنجاننىڭ ئاغىنىلىرىدىن گەپ ئېلىپ بېقىش كېرەك. ئۇمۇ بىر ئەر يەتكەن يىگىت ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەيتان نېمە پاراكەندىچىلىك سالدى تېخى...

ھەتتىگىنەي، بىزنىڭ مۆمىننى يەنە نېمە قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ.

*　　　*　　　*

بۈگۈن ھاۋا بۆلەكچىلا ئىللىق. باھار قۇشلىرىنىڭ يېقىملىق ناۋاسى قىشچە سوغۇقتا تاللىنىپ نىمجان بولغان ئاجىز تەنلەرگە ھايات تەنتەنىسى ئاتا قىلىدۇ. ھاشىماخۇن بۈگۈن كۈندىكىدىن سەھەر تۇردى. ئەترەتنىڭ ماخوسىغا بېرىپ ئىككى ئات يېتىلەپ كەلدى. ئاتلارنىڭ بىرى بەيگە ئاتلىرىدەك چاچراپ تۇراتتى. دۇخاۋا گەدەن، قومۇش قۇلاق ئۆزگىچە سۇمبات بۇ ئاتقا بۆلەكچە روي بېغىشلاپ تۇراتتى. پات ـ پات شوخلۇق قىلىپ كىشنەيتتى. مەنزىللىرىگە ئالدىرىغاندەك قۇيرۇقلىرىنى ئويناقشىتىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ چۈشىناتتى. يەنە بىرى بولسا ئېغىر تىنىپ، ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ ئاتقا ئۇستا نەققاش ھۈنەر قىلغاندەك، ئالا ـ تاغىل بەدىنى كىشىگە گۈزەل بىر سىزما رەسىمنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ سىلىق ـ سىپايە بەدىنى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان مېھىر بولمىش جانىۋارنىڭ بايتال ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى. ئاتلار ئىشىك ئالدىدىكى غورۇغا باغلاندى.

ــ ھوي، زىۋەر، ماڭ ئاۋۇ بالا بويتاقلارنى چاقىر، گېپىم بار.

زىۋەرخان ئېرىنىڭ بۇ قىلىقىدىن بىر نەرسىنى پەم قىلغانىدەك قەدەملىرىدىن مەنە چىقىرىپ ئۇلارنى چاقىرغىلى سىرتقا ماڭدى.

«ئوغۇلنىڭ ئۇزلۇقى ئاتىغا تارلىق» دېگەندەك مۆمىنجاننىڭ بۇنداق يۈرۈشىرىشى ھاشىماخۇندەك ياش چاغلىرىدا دالادا كېيىك ئوۋلاپ، ھويلىدا زىۋەرنى گوللاپ يۈرگەن بىر ئەركەك ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئاھانەت ئىدى. ئۇ، كۆپ ئويلاندى: «نېمە بولساڭ بولمامسەن. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە خوتۇنسىز قالغان سەنلىمىدىڭ» دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلىگە كەلتۈردى. بىراق، بالىنىڭ ئوتى بالاچە، دېگەندەك ھەر قېتىم مەھەللە ـ كويدا مۆمىنجاننىڭ ئاغىنىلىرى، قۇرداشلىرى كېلىن ئالغاندا، ياكى قىز ئۇزاتقاندا، ھاشىماخۇننىڭ يۈرەك ـ باغرى قاتتىق ئېزىلەتتى. مۆمىننىڭ ئاغزىدىن نېنى چۈشۈپ قېلىۋاتقان بۇ ھالىنى كۆرۈپ بەزىدە تېرىكىپمۇ قالاتتى. نېمە ئامال؟ مۆمىن يەنىلا شۇ ھاشىمغاخۇننىڭ پۇشتى شۇ، بەرىبىر.

ئۇلارمۇ كەنجىتېيىغا كېلىن ئالسا، قولى ئىشتىن سوۋۇسا، ئەل ـ مەھەللىدە مېنىڭمۇ كېلىنىم بار بولدى، دەپ تۆشىنى مۇشتلاپ يۈرسە قانداق ياخشى بولاتتى. ئىشقىلىپ، مۆمىنگە خوتۇن تاپتىم، دەپ كۆرۈنگەن ئولجىغا قول تىقىشقا تېخى بولمايتتى.

مانا بۇ چىگىش خىياللار ھاشىماخۇننىڭ يۈرىكىنى يەيتتى. دىلىنى ئېزەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزى مۆمىنجانغا لايىق تاپسۇن. تاپقان لايىقى بىلەن

مۆمىننىڭ بېشى باش، ئايىغى تاش بولۇپ كەتسىغۇ ياراشقىنى شۇ، شۇنىڭدىمۇ لايىقتىن چاتاق چىقىپ قالسا، كېيىنچە خوتۇن باقماق تەس كەلسە، ئۇنىڭغىمۇ زۇۋان پەيدا بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا يېنىپ، «مەن ھەرقايسىڭغا خوتۇن ئالىمەن دەپ، كالىچىڭغا مەدەك كەپلىگەن يېرىم بارمۇ؟» دەپ جۆيلىمىگى يوق گەپ. خۇدا گول بەندىسىنىڭ بەختىنى ئوڭ قىلغاي.

ھاشىماخۇن بۇ ئىش خۇسۇسىدا، ئىككى كۈن بۇرۇن باياندايدىكى ئاغىنىسى زىياۋۇدۇن بىلەن قولاق چىشلىشىپ قويغان ئىدى. شۇ كۈنى زىياۋۇدۇن بۆلەكچە خۇشال بولدى، تاپقىنى بىلەن داستىخىنىنى بېزەپ، قېنىق ـ قېنىق چاي دەملىدى. ھاشىماخۇن ئېغىزلاندى:

ــزىيا ئاداش، بۈگۈن بوسۇغاڭغا ئاتايىن ئات توقۇپ كېلىشىمدىكى سەۋەب ـ ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى. كۆڭلىدە: «مەقسەتنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا تاشلايمۇ ياكى بۇ ئاداشنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ ئېغىز ئاچايمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ بىر ھازا جىمىپ قالدى.

ــئا... ھاشىم ئاداش، سەن بىز كىم، مۇشۇ ۋاقىتچە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، يېغىرىنى يېپىپ كەپتۇق، يەنە قانچىلىك كۈنىمىز قالدى، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. نېمە ئۇ تىلىڭنى چايناپ، يا سەن ماڭا ئاقچا قەرز بولمىساڭ، گېپىڭ بولسا ئوچۇق قىل، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇيۇتماي.

ــئەمدى، قارا زىيا، ھەرقايسىمىز جاھان تۇتۇپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق، بالا چوڭ قىلدۇق، ئادەم باللىق بولغاندىن كېيىن، باللارغا باغلىنىپ ياشايدىغان گەپكەن شۇ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېمىسەڭ تېخى.

زىياۋۇدۇن ئاغىنىسىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، قىزى ئايپاشانىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئوغۇل بالا دەپ يۈرگەن مۆمىننىڭ دان تاشلىماي دادىسىنىڭ ساقىلىنى سۆرەپ، ئىشىك چېكىشى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالسۇن، قىزى بارنىڭ نازى بار ئەمەسمۇ.

ــھە، ھېلىقى مۆمىنجان، ــزىياۋۇدۇن گەپ ئارىلىدى.

ــشۇ، شۇ، شۇنى دېگىنە ئاداش. ھەي بۇ باللىنىڭ ياۋاشلىقى، مۇشۇ كۈنگىچە.

ــبولىدى، بولىدى. ئۇنداق يېرى بولسا شۇ مۆمىننى مەن تەرەپكە يولغا سال. باللارنىڭ رايىنى بىر سىناپ كۆرىلى، سېنىڭدىن قىز ئاياپ نەگە باراي، ئوبدان كەپسەن ئاداش، بۇ گەپ ياخشى گەپ بولدى، ئاغىنىدارچىلىق تۇققانچىلىققا يۈز تۇتتى، دېگەن گەپ.

ئاغىنىلەر باللىرىنىڭ بولغۇسى ئاقىۋەتلىرىگە ئاسايىش تىلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى، ئاللاھتىن باللىرىنىڭ ئېسەنلىكىنى تىلەشتى.

باللار جابدۇنۇپ ھازىرلانغىنىچە ھاشىم يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ ئۈلگۈردى.

مۆمىنجانغا بۈگۈن بۆلەكچىلا ئىسسىق كىرىپ قالغان ئىدى. كىچىككىنە چاچسىز بېشىغا پۇچۇق قازاننى كەيدۈرۈپ قويغاندەك پۇلاڭلاپ تۇرغان ئاتا مىراس تارانچى مالخىيى تومۇزنىڭ ئادەمنىڭ تىنىقىنى كېسىدىغان ھارارەتلىك كۈنلىرىدە خامانىدا، ئورما مەزگىللىرى ئېگىزلىقلاردا ئۇپراپ كەتكەن رابۇتچىك ئۆتۈك ئۇنى ئوتتۇرا ياش كىشىلەرنىڭ ئىسكەتىگە كىرگۈزۈپ كىشىگە ئۆز دادىسىنىڭ ئىنىسىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. شۇنداق ياسىنىش ئەنە شۇ يىللارنىڭ مودىسى ئىدى. زىۋەرخانمۇ ئەينى يىللىرى ئەنە شۇنداق مودا يىگىت ھاشىمغا ئۆزىنى ئاتىغان ئەمەسمىدى. مۆمىننى بۇ خىل ئىسكەت بىلەن جابدۇش، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا سېلىش (ھاشىم مۆمىنجاننى ئالا ئاياغ بايتالغا مىندۈرۈپ قويغان ئىدى) جەريانلىرى زىۋەرخاندا ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەرنى پەيدا قىلدى.

ئاغىنىلەر ئاتلىرىغا قامچا سالدى.

يول بويى ھەسەنجان مۆمىنجانغا چاقچاق قىلىپ كۆلنى ئاۋۇندۇرۇپ كېتىپ باراتتى.

ــھەي، مۆمىن، بۇ قېتىم گۈلنى چېكەڭگە قىسماي بولمايدۇ جۇمۇ، ئاڭلىسام زىياكامنىڭ قىزى ئايپاشا بەكمۇ تېتىك، قاملاشقان قىز ئىكەن، داداڭنىڭ شەيتانلىقىنى قارا، قورۇدا مەن ئالا ئاياق بايتالنى مىنەي دەپ شۇنچە تەمشەلسەم مېنى قەستەن بايتالغا مىندۈرۈپ قويدى، بۇنى بىلدىڭمۇ؟ دېمەك، سەن مۇشۇ بايتالنى باشقۇرۇپ مىنەلىدىڭ دېگەن گەپ.

ــنېمە دەيدىغانسەن ئاداش.

مۆمىنجان قولىدىكى ئىرغاي ساپلىق قامچا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


دەستىسى بىلەن ھەسەنجاننى مەنىلىك نوقۇدى.

زىياۋۇدۇنغا ھاشىماخۇنكامنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش، پۇرسەت تېپىپ ئايپاشا بىلەن مۇڭدىشىش، تومۇرىنى تۇتۇپ، يۈرىكىنى تىڭشاپ بېقىش... بۇ شېرىن خىياللار ئىككى بويتاقنى ئاخىر مەنزىلگە ئېلىپ كىردى.

ھەيۋەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان چوڭ پىل قۇلاقلىق دەرۋازا ئۇلارنى دېلىغۇل قىلىپ قويدى.

— سەن كىرە...

— سەنمۇ بىللە كىرمەمسەن.

— ئاداش، ئادەمنى تولا خىجىل قىلما. ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى، دېگەندەك ئىش قىلمايلى، ئالدى بىلەن سەن كىرىپ...— مۆمىنجاننىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمەي قالدى.

— ماقۇل، ماقۇل نوچى، كىرسەم كىردىما ناھايىتى شۇ ھاشىمكام سالام ئېيتقان دېسەم بولدىغۇ شۇ.

مۆمىنجان ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، ھەسەنجان ئاتنى ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئىشىككە تەمشەلدى.

— سىز؟

— زىياكام ئۆيدە بارمىكىن؟

— دادا، مېھمان كەلدى.

— ھەسەنجاننىڭ پەمىچە، مۆمىننىڭ قىستۇرۇلىدىغان گۈل ئايپاشا مۇشۇ بولسا، ئۇنىڭ ئاھۇدەك كۆزلىرى ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان چېچەن - چاققانلىقى، پەيدەك يەڭگىل ھەرىكەتلىرى ئۇنى تەگسىز خىياللارغا غەرق قىلدى. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ قاراشلىرىچۇ تېخى، ئۇ بىزنىڭ مۆمىنگە ماس كېلەرمۇ، بۇ چاغنىڭ بالىلىرىغۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى يېرمايدۇ. تاسادىپىي چاقچاق چىڭغا چىقىپ ئىككىسى بىر ياستۇققا باش قويغۇدەك بولسا، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مۆمىننىڭ مۆرىمەسلىكىگە ماۋۇ قىزنىڭ. ھەي... چوڭلار ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىغۇ مەن - مەن دېگەن شاھ - پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىمۇ نى - نى ئىسكەتسىز تازلارغا كۆيۈپ، ئۆلۈپ - ئۆچۈكەنلىكى سۆزلىنىدىغان. خۇدايىم بۇ قىزغىمۇ مۆمىننىڭ ئىشقىنى سالسا ئەجەب ئەمەس، ئىگەكىم قادىر ئاللاھ.

ھەسەنجان دەرھال ئۆزىگە قايتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەل بالام، ئايپاشا مېھمانغا چاي ئەكېلىڭ.

ھەسەنجان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى.

— زىياكا بولدى ئاۋارە بولما، مەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ھاشىمكامنىڭ سالىمىنى يەتكۈزەي، دەپ ئۆزۈمچىلا ئۇسۇپ كىرىشىم. مەن چىقاي.

— ئاي، ئوغۇل بالا دېگەن تارتىنچاق بولمايدىغان ياكى كوچىدا بىرەر ئاغىنەڭ.

تۇيۇقسىز سورالغان سوئال ھەسەنجاننى ئىككى ھال قىلىپ قويدى. دەي دېسە تېخى، دېمەي دېسە تېخى، ھەئە، كوچىدا ئاغىنەم ماڭا ساقلاپ قالغان، دېسىمۇ بولاتتى، بىراق، «ئەل - ھايا مىنەل ئىمان» بولۇش كېرەكتە. مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر قىز زاتىغا ئېغىز يېرىپ بىر نەرسە دەپ باقماي، دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل لەززىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، «سۇر بويتاق» دېگەن تازىمۇ چىرايلىق لەقەمگە لاتقىغا پاتقان ئۆكۈزدەك پېتىپ قېلىۋاتقان ئاغىنىسىنىڭ دادىسى قايسى كۈنى پەدىشەپىنى بۇزۇپ، بۇ ئائىلە ئۈچۈن ئوغلى ئۈچۈن ساقىلىنى سارغايتىپ قىز سورىسۇن، مانا ئەمدى، ئۇ ئاداش ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق توككىدە بوسۇغا ئاتلاپ كىرىپ، تىرىنقىنى تاتلاپ: «مېنى دادام ئەۋەتكەن بىر قىز بىلەن كۆرۈشكىن دەپ» دېسۇنمۇ؟ ياق، ياق ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەسەنجان يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئارامى بۇزۇلدى. قىسىلغان ۋۇجۇدى ئۆزىگە يۈكتەك بىلىنمەكتە ئىدى. ھېلىدىن - ھېلىغا سوڭنى ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكەپ ئارامسىزلىناتتى. ئايپاشانىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئايپاشا كوچىدا يوچۇن بىرىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ چاي لىقلاپ قويدى.

ھەسەنجان قايتتى.

ئۇ بوسۇغىدىن ئايرىلىپ ئاتقا مىنگەندە ئۇنىڭ كۆزىگە كوچىدا ئادەملەر كۆپىيىپ قالغاندەك، ھەممىسىلا ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ: «قىزىلگۈلنى ھىدلىغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەۋاتقاندەك، يەنە بەزىلەر، ماۋۇ قاپىيۈرەك كاساپەتنىڭ مەھەللە

بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، ئىشىك ھالقىسىنى مەھەللىدىكى نى ـ نى يىگىتلەرنىڭ ئەلچىلىرى شاراقلىتالماي يۈرەك زىدە بولۇپ يۈرسە، خۇددى بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىدەك گەۋدىسىنى ئاتقا پاتۇرۇپ، ھېيقىماي چىقىۋاتقىنى نېمىسى، دېگەندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئەمدى ئۇ مۆمىنجاننى تېپىۋېلىشى كېرەك. ئۇ چوقۇم نېرى كەتمىدى. ئۇ ئېزىتقۇلۇق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان چاغلىرى بىر كۈنى بازار كۈنى ھاشىمكام ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، چۈش مەھەللىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋالاي، بالام، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغان دەپ مەسچىتكە كىرىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر تىلەمچى كېلىپ مەنىلىك ھېجىيىپ قويۇپتۇ ۋە: «ھەي ئوماق بالام ماڭا بالا بولامسەن» دېگەندە ئۇنىڭ قېقىلىپ يىغلاپ «دادام چىققاندا مېنى بىرى سەن ھايات تۇرساڭ بالا قىلىۋالىمەن دەيدۇ» دەيمەن دېگىنى ھەسەنجاننىڭ خىيال ئېكرانىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

دېگەندەك مۆمىن مەھەللىدىن قايرىلىدىغان دوقمۇشتا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ھەسەنجاننىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

ــ ھەي مۆمىن، ھەي مۆمىن، قانداق نېمىسەن ھېچ بولمىسا ئىشىك ئالدىدا تۇرساڭمۇ ھېساب بولماسمىدى. ئەمدى ئەلچىلىككە بارمىسام، خالىس پاراڭ قىلىدىغانغا.

ھەسەنجان ئاچچىقلاندى، تۇرۇپلا مۆمىننىڭ مىسكىن ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچى كۆيدى. باياتىن ئۇنىڭ زىياۋۇدۇن بىلەن داستىخاندا ئولتۇرغاندا قىلغان خىيالى بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىمۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاغىنىسىنى ئويلىدى. راست مۆمىنجان خۇدانىڭ بىر مۆمىن بەندىسى. يەردە نېسۋە ئىزدەپ يۈرگەن جان ـ جانىۋارغا ئازار بەرمەي چوڭ بولغان بۇ ئىنساننىڭ ئايپاشادەك قىز بىلەن بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن قانداقمۇ تۈتۈن چىقارسۇن. تويمۇ بولغانغا ھېساب بولسۇن مۆمىننىڭ تۇرمۇشى يەنە نېمە قىسمەتلەر بىلەن بەزىلەر، خۇدا بۇ ياۋاش بەندەڭنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاۋات قىلغايسەن...

* * *

شۇ ئىشتىن كېيىن، ھاشىماخۇن ئىلاج قىلىپ، ئايپاشانى كېلىن قىلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. پات ـ پاتلا بايانىدىغا ئات توقۇيدىغان بولۇۋالدى.

زىياۋۇدۇننىڭ بوسۇغىسىغا پۇت دەسسەپ، بوسۇغىدىن قايتتى. شۇنداق قىلىپ، قىز ـ يىگىت دىدارى مۇلاقات بولۇشمىغان توي ئاخىر بولۇندى.

مۆمىننىڭ ئايپاشا بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغىنىغىمۇ يىلدىن ئاشتى. كۈندۈزنىڭ ھايا ـ نومۇسىدىن قىسقان خۇدايىم، كېچە قاراڭغۇلۇقىنىڭ ھارارىتىدىن قىسمىغانمۇ ياكى مۆمىنمۇ مۆرىمەي يۈرۈپ، ئاران تۇرغانمۇ ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى بالا باسقىلى تۇردى. ئەترەتنىڭ سەھەردىن شامغىچە ئۆكسىمەيدىغان ئەمگەكلىرىدە مۆمىن چارچاپ قالغىنىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى. ئىش مەيدانىدىكى قىزىق پاراڭلار ئۇنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشاتتى. ئارىدىكى بەش ـ ئون مىنۇتلۇق موخوركا چېكىۋېلىش، كەتمەننىڭ چۈلدىسىغا سوڭنى پاتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بولۇنۇپ قالىدىغان پاراڭلارنىڭ ئارىسىدا «ئايال كىشى ئەر كىشىنى ياقتۇرۇپ قالسا ئوغۇل تۇغىدەك» دېگەندەك ھەزىل چاقچاقلارنى ئاڭلىغان مۆمىن كۆز ئالدىدىكى چۆچۈرىدەك قاتارى ئوغۇللىرىنى يادىغا ئېلىپ پوسۇقىدە كۈلۈپ قوياتتى.

ئايپاشا بۇ قورۇغا كېلىن بولۇپ باش تىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە، زېرىكىشلىك ھېس قىلدى. شەھەردىن تولىمۇ چەتتە قالغان بۇ سەھرادا ئات ـ ئېشەكنىڭ كىشنەپ ھاڭرىشى، كالىلارنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ مۆرەشلىرى، كېچىلەردە ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرىدىن بۆلەك نەرسە يوقتەك بىلىندى. كوچىغا چىقسا يا ئادەمنىڭ تايىنى يوق، ئۆيگە كىرسە تېخى. بۇ يەردە ئايپاشالارنىڭ مەھەللىسىدىكىدەك ماشىنىلارنىڭ «پات.. پات»، «دۈت . . دۈت» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئايپاشا توي قىلماستا ئارىلاپ شەھەرگە دوستلىرى بىلەن كىرىپ تۇراتتى. ئەترەت تەشكىللىگەن سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ، ئۆز ماھارىتىنى جارى قىلدۇراتتى. ئۇ ئوينىغان ئۇسۇل، ئېيتقان ناخشىلارنى ئاڭلاپ، تامىقىنى چاكىلداتقان نوچىلارمۇ ئاز ئەمەستى. ئۇ شۇلارنى ئويلىغىنىدا ئايالىق شەھۋىتىدىن قۇترىغان شەيتان: «ھەي، پاشا يولدىن چىقساڭ بىرى سېنى بىلىپ قالاتتىمۇ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېلىپ يۈرۈۋەرمەمسەن. يا سەن ئۇيراپ كېتىدىغانغا تىراكتورنىڭ سايمىنى بولمىساڭ، سەن مانا مۇشۇ گۈلدەك چىرايىڭ بىلەن ھەرقانداق ئەركەكنى ئۆزۈڭگە قارىتالايسەن، ئۇيقۇسىنى بۇزالايسەن، شۇنداق چېچەك چوكان پەسلىڭدە مۆمىندەك مۆرىمەس گاچا بىلەن گۈلدەك ھاياتىڭ ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟» دەپ نەرە تارتاتتى.

ھايھات! ئايپاشا مۆمىندىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكنى ئويلىغىنىدا باغرى ئات كاللىسىدەك مۇزنى تېگىۋالغاندەك شۈركۈنۈپ كېتەتتى. نېمە دېگەن بىلەن ئادەم يەنىلا ھۆل مىجەزدە، قاچانكى ئايپاشانىڭ قەدىمى مۆمىنلەرنىڭ بوسۇغىسىغا يەتتى شۇ كۈندىن باشلاپ، ئەترەت باشلىقىنىڭ بوسۇغىدىن قەدىمى دالجىماس بولۇۋالدى. بىر كۈنى مۆمىننى «ماخۇغا كۆزەتچى بول» دەپ كەلسە، بىر كۈنى، «خاماندىن مەڭگەن توشۇ» دەپ جونۇيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئايپاشا دېلىغۇل بولۇپ قالاتتى. ھەر قېتىم مۆمىنگە ئىش چاغلاپ كەلگەندىكى ئەترەت باشلىقىنىڭ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈشلىرى تولا گەپ قىلىپ ھەرە كۆنىكىدەك ئۇيراپ، يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يىمىرىپ، قاشلىرىنى مەنىلىك ئۇچۇرۇشلىرى، ئەيتاۋۇر «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» ئىدى.

ئۇنىڭسىزمۇ ئايپاشا ئېغىر ئەمگەكتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن مۆمىنگە خۇش چىراي ئاچمايتتى. كېچە ئەلياتقۇ بولغان چاغلاردىمۇ كېيىنچە ئورۇن - كۆرپىنى نەچچە قەدەم نېرىگە سېلىپ يېتىۋالاتتى. بىچارە ئېرىنىڭ مەنىلىك ئۆپكىسىنى ئۆرۈپ قېقىشلىرىغىمۇ قۇلاق سالمايتتى. نەچچە قېتىم: «بەدىنىڭ ئاچچىق تەر پۇرايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئېغىزىڭ ئىتنىڭ ئۆلۈكى، ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ» دەپ دوق قىلدى. نېمە بولدىكىن ياكى ئۆرۈك ئالا بولۇۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ يېڭىياچە چاغلىرى ھاياتىنىڭ قىزىقى مۇشۇلا ئوخشايدۇ، دەپ ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە دۈم چۈشكەن ئىدى. كۆپىنچە مۆمىن پاشىنىڭ رەڭگە تۇتۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزى يېمەي يېگۈزدى، چېيىنى بەردى. كوممۇنانىڭ ئىشلىرىدا ئىككىگە بىر ئۆزى قاترىدى.

شۇنداق غېرىب كېچىلەردە مۆمىننىڭ بىر ئۇخلىغانچە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا بىراقلا كەتكۈسى كېلەتتى. خۇدا ئامانىتىنى ئالمىسا نېمە ئامال. مۆمىن شۇ خىياللارنى قىلىپ ئۆزىدىن بىر قەدەم نېرىدا بولۇشىغا خورەك تارتىپ چىشى يولۇۋاستەك سۇنايلىنىپ ياتقان پاشاغا قايرىلىپ قارىدى. ئۇنى بىر ئاچچىق ئەسلىمە ئىسكەنجىگە ئالغان ئىدى.

ئورما پەسلى.

مۆمىن ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن بۇغداينى ئورۇپ، ئۇنچىسىنى باغلىغىچە، قۇياش تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. تومۇز ئايلىرىنىڭ سۆڭەكنى ئىللىتىدىغان پىژغىرىم ئاپتىپى، ئاچچىق تەر ئۇنى ھالسىزلاندۇرغانىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە پاشا ئاللىبۇرۇن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ ئىشىك - دېرىزىلەر ھاڭگىرقاي ئوچۇق تۇراتتى.

ــ پاشا، ھەي پاشا مەن كەلدىم.

مۆمىن بوسۇغىدا تۇرۇپلا شەپە بەردى.

ــ كەلسەڭ كەلمەمسەن، ئەنە يوتقان - كۆرپە. مەن يالىڭاچلاپ ياتقۇزۇپ قويمەنمۇ يا...

ئەسلىدە ئۇ بۈگۈن كەچكىچە ئورما قىلىپ، پۇت - قول، بەللىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاچچىق تەر دەستىدىن بەدىنىنىڭ كىرگە پېتىپ قالغانلىقىنى پاشاغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر چېلەك ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بېرىشىنى ئۆتۈنمەكچى ئىدى. پاشىنىڭ ھۆركىرىشى ئۇنىڭ تاتلىق، شېرىن خىياللىرىنى يوققا چىقاردى.

ئەتىسىمۇ يەنە شۇ ئېغىر ئەمگەك مۆمىن ئالدىنى ئېتىزغا قىلىپ تۇراتتى. ئەترەت باشلىقى گۈرىنىنى كۆپتۈرگىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى:

ــ ھەي مۆمىن بۈگۈن كېچە ئەترەتتىكى سۇچىلار قوناقلارغا سۇ تۇتماقچى ئىدى. مەن سېنى پۇختا قىلىدۇ، توغاننى ئوبدان سالىدۇ، دەپ ئۇلار بىلەن بىرگە بېرىشىڭنى ئويلاشتىم. ئوغۇل بالا دېگەن توغاننى مەھكەم سالىدىغان، سۇ قايمىسۇن ھە، توغىنىڭلارنى چاشقان ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتمىسۇن يەنە، قوناقنىڭ سۈيى تاڭ ئاتارغا تۈگىشى مۇمكىن، يىل ئاخىرىدا باڭ چىقارغاندا ھە، مۆمىن.

مۆمىن ئىپادە بىلدۈرمىدى. مانتا ئوچاقنىڭ ئالدىدا لاپچىيىپ ئولتۇرغان پاشا ئەترەت باشلىقى بىلەن زوۋانسىز ئىشارەتكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

ھەي مۆمىن، ھەي مۆمىن نېمانچە ياۋاشتۇرسەن. ئەترەت باشلىقى بىرەر نېمە دەپ

قويارمۇ؟ پاشا ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ قالارمۇ دەپ، يا ھەئە يا ياق دېيىشكىمۇ رايىڭ بارمىدى. يېشىڭ 40 قا تاقشاي دېگەندە پاشادەك بىر قىزغا يېتىشكەن ئىدىڭ، خوتۇن دېگەن ئاجايىپ شېرىن نەرسىكەن دەپ دىلغۇرىغان يۇقىرىقىدەك ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمىدىڭ، سېھىرىسىدىن شەيتانغا ئۇقتا توقۇيدىغان بۇ خوتۇن مانا ئەمدى سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان بولۇۋالدى. سېنى ئېرىم دەپ، تاڭلىيىدا دان توشۇيدىغان كەپتەردەك ساداقەتلىك بولسا ھېلىقى چاغدا سەن ئۆستەڭدە يۇيۇنۇپ ئالماشتۇرۇۋالغان ئاق تامبىلىڭنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىپ، سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي دەپ شالىسىنى چاچارمىدى. ئۇ ئىشمۇ ئامالسىزلىقتىن بولغان ئىدىغۇ؟! تېخى ساڭا قىلچە تەپ تارتماي: «سەن قەلەندەر دېگەن كوچىنىڭ ئادىمى، مەن كۆرمەستە نېمە ئىش قىلىپ يۈردۈڭ، يىرتىق كۆسىرىڭنى يوقىتىپ قويغىدەك» دېيىشلىرىچۇ.

سەن بۇگۈن كېچە سۇ تۇتقىلى بارسەن قارىغىنە ئەترەت باشلىقىنىڭ زەھەردەك گەپلىرىنى ئۆيۈڭدە پاشا...

كېچە يېرىملاشتى. كوچىدا تىرىكچىلىكتىن ئەسەر يوقتەك قىلاتتى. پاشانىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. تۇيۇقسىز ئۆگزىدىن ئاڭلانغان «توككىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. رۇباشكىسى بىلەنلا ھويلىغا چىققان پاشا ئەتراپنى كۆزىتىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— پاشا، مەن.

چىراغ ئۆچتى. ئارىلىقتا نامە ئىشلار يۈز بەردى، قانداق خۇش - خۇلۇقلار، شېرىن پىچىرلاشلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، مۆئەللىپ بۇنى يېزىشنى راۋا كۆرمىدى. چۈنكى مۆئەللىپ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ مۆمىن ئۇچۇن ئۇنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى.

دېگەندەك مۆمىن قوناقلىقتىن تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتىپ كەلدى. ئۇ قاتتىق ھېرىپ كەتكەن ئىدى.

ئەتىسى ئورنىدىن كۈندىكىدىن ۋاقىچىرەك تۇردى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆيدىن بىر خىل غەلىتە پۇراق پۇراپ كەتكەندەك بىلىندى. تاپسىدىكى موخوركىسا چاچراندىلىرى ئۇنى دېلغۇل قىلىپ قويدى.

— پاشا، بۇ موخوركا...

— ھە، بۇ موخوركىغا نېمە بوپتۇ، سەن بەڭگىنىڭ تۆشۈك يانچۇقىدىن تۆكۈلگەندە ھەقاچان، قارا بۇ قەلەندەرنى بۇنىڭ دەستىدىن ئۆينى پاكىز تۇتقىلى بولمىغان، ھېلى كىگىز قېتىغا، ھېلى تاپىسىغا تۆكۈرۈپ، خىرقىراپ ماڭ جۇگۇ، جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتمەي، ئەترەتكە ۋاق قالسەن.

* * *

خەيرىيەت، ئۇ كۈنلەر مانا ئەمدى ئاچچىق ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

مۆمىننىڭ باللىرى كەينى - كەينىدىن قاتارغا قېتىلدى. تالاي قېتىم بىچارە مۆمىن بۇ چىشى يولۋاستىن قۇتۇلماقنى ئويلىدى - يۇ، بىر چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقان باللىرىغا قاراپ قارارىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ باللىرىنىڭ تىرىك يېتىم بولۇشىنى خالىمايتتى. ئۆزگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ھېلىقى سۇۋادان تېرەككە يۆلەنگىنىچە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، بىرەر بۇرام موخوركىنى ئاغزىغا ئورىۋالسىلا ھەممە - ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. بىر زامانلار جاھانغا پاتماي كەتكەن ھېلىقى سەركە — ئەترەت باشلىقىنىڭ كۆز ئالدىدا تەرىتىنى تۇتالماي، گاھىدا ئۇياتلىق يەرلىرىنىمۇ ياپالماي، ئاچ - زېرىكىشلىك ئۆيىدە مېكىپ يۈرگەن ئېپىقنى ئەسكە سالىدىغان ھالىنى كۆرۈپ، پاشاشتىن مەقسەت ياراتقان ئىگىسى ئۇچۇن تىنغۇاتقان تىنىقىغا جاۋاب بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتەتتى.

مۆمىن چىن دۇنياغا كەتتى. سۇۋادان تېرەكچۇ؟ ئۇمۇ زامانىۋى ئائىلە جاھازلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەندۇ؟ ئېھتىمال، پارچە - پارچە قىلىنىپ ئوتقا تاشلاندىمۇ تېخى، ئىشقىلىپ ھەر ئىككىسى دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن ئايرىلغان ئىدى.

(ئاپتور غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# ئەسىرنىڭ كىيمى

نەجىپ مەھپۇز (مىسىر)

پويىزنىڭ بېكەتكە كىرىشىگە يېقىن، تاماكىچى گاھىش ھەممىدىن بۇرۇن پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، كىچىك كۆزىنى ئاران ئېچىپ، ۋوگزال سۇپىسىنى ئارىلاپ خېرىدار ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەنلىكىدىن بەكمۇ ئۆكۈنەتتى. بەزىدە بۇنى ئۆزىنىڭ پېشانىسىدىنمۇ كۆرەتتى. ئۇنىڭچە بولسا بىرەر بايغا شوپۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ، چىرايلىق كىيىنىپ، مەززىلىك نازۇ ـ نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىپ يۈرگەن بولاتتى. يەنە خوجايىنىغا ھەمراھ بولۇپ، سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالايتتى. شوپۇرلۇققا قىزىقىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بىر قېتىم گېيىرنىڭ (باينىڭ شوپۇرى) قىز خىزمەتچى ناباۋېياغا غىلجىڭلاپ، «پات ئارىدا قولىڭىزغا توي ئۈزۈكى سېلىپ قويىمەن» دېگەنلىكىنى، ناباۋېيامۇ ھەدەپ نازلىنىپ، يالغاندىن ياغلىقىنى بېشىدىن ئېلىپ تۈزەشتۈرگەن بولۇپ، قاپقارا چېچىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۈندەشلىكى تۇتقان ئىدى. چۈنكى گاھىشمۇ ناباۋېيانىڭ قاپقارا قوي كۆزىگە ئاشىق ئىدى. ئۇ دائىم ناباۋېيا ئىشقا بارىدىغان ئۆتەر يولى ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا ئۇرۇناتتى. بىر كۈنى ئۇلار تار كوچىدا يالغۇز ئۇچرىشىپ قالدى، گاھىش گېيىرنى دوراپ: «پات ئارىدا قولىڭىزغا توي ئۈزۈكى سېلىپ قويىمەن» دېگەندە، ناباۋېيا ئۇنىڭغا تەتۈر قاراپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كەمسىتكەن تەلەپپۇزدا: «مېنىڭ قولۇمغا ئۈزۈك سېلىپ قويىمەن دېگۈچە، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە بىر جۈپ كەش ئېلىۋېلىڭ» دەپ كېتىپ قالغان ئىدى. گاھىش ئۆزىنىڭ تۆگىنىڭ پۇتىدەك قوپال چوڭ پۇتى، تەرلىشىپ كەتكەن كىيمى ۋە توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن كەپكىسىگە قاراپ، ناباۋېيانىڭ ئۆزىنى ياراتماسلىقىدىكى سەۋەبنى چۈشەنگەندەك بولدى.

گېيىرنىڭ خىزمىتى ۋە ھال ـ كۈنىدىن ھەسەت قىلغان گاھىش زور ئۈمىد بىلەن تىرىشىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈردى. بۈگۈنمۇ مانا تاماكا ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى. يىراقتىن تۇماندەك پەيدا بولغان پويىز بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، گۈلدۈرلىگەن پېتى ۋوگزالغا كىرىپ كەلدى. گاھىش يولۇچىلار تىقما ـ تىقما بولۇپ ئولتۇرغان ۋاگونلارغا يۈگۈردى ـ دە، ۋاگون ئىشىكىدە پوس تۇرغان قورال‌لىق ئەسكەرلەر ۋە ۋاگون ئىچىدە پەرۋاسىز ھالدا سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان

چەتئەللىكلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلار جازا لاگېرىغا ئېلىپ مېڭىلغان ئىتالىيەلىك ئەسىرلەر ئىدى.

گاھىش يۈز - كۆزنى توپا - چاڭ باسقان بۇ ئەسىرلەرگە قاراپ ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن بۇ بىچارىلەرنىڭ تاماكا سېتىۋالغۇدەك پۇلىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئەسىرلەرگە قاراپ قويۇپ، كەينىگە يانماقچى بولغاندا، بىرەيلەننىڭ چەتئەل شېۋىسىدە ئەرەبچە «تاماكا!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىغان ھېلىقى كىشىگە قارىدى، ھەم باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى سۈركەپ، «پۇلۇڭ بارمۇ؟» دەپ ئىشارەت قىلدى. ئەسكەر ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن بولغاي، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. گاھىش ئېھتىيات بىلەن ئالدىغا بىر - قانچە قەدەم ماڭدى - دە، ئەسىرنىڭ تاماكىغا قولى يەتمەيدىغان يەرگە كېلىپ توختىدى. ئەسىر گەپ قىلماي چاپىنىنى سېلىپ، مانا پۇل دېگەندەك پۇلاڭلىتىپ قويدى. گاھىش سەل قىزىققان ھالدا سېرىق تۈگمە تاقالغان چاپانغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىۋاتاتتى، بىراق ئۆزىنىڭ ھاماقەت ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا ئىتالىيەلىك بۇ ئەسكەرنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا پەسەنت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ساندۇقىدىن ئالدىرىماي بىر قاپ تاماكا ئالدى - دە، چاپانغا قول سۇندى. ئەسكەرنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى: «بىر چاپانغا بىر قاپلا تاماكا تېگىشمەكچىمۇ؟ ئون قاپ تاماكا بەر» دېدى. گاھىش كەينىگە يانماقچى بولدى. ئەسكەر ئۇنى چاقىرىۋالدى: «ئادىل سودىلىشايلى، ئەمىسە سەككىز قاپ بەرگىن». گاھىش بېشىنى چايقاپ رەت قىلدى. «ئەمىسە يەتتە قاپ بەر». ئۇ يەنىلا بېشىنى چايقىدى، ھەم كەتمەكچى بولۇپ پەش قىلىپ باقتى. ئەسكەر ئالتە قاپ دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بەش قاپقىمۇ چۈشتى. گاھىش قولىنى شىلتىپ قويۇپ يەنىلا رەت قىلدى - دە، ۋوگزالدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. «قايتىپ كەل، بولدى تۆت قاپ بەر»، ئەسكەر يەنە چاقىردى. گاھىش پەسەنت قىلمىدى. ئۇ، بۇ سودىغا قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. غەزەپلەنگەن ئەسكەر تاماكا بولمىسا ئۆلىدىغاندەك، تۆت قاپ، ئۈچ قاپ دەپ يانماي سودىلاشقىنى تۇردى. گاھىش ئورۇندۇقتىن قوپماي ئولتۇرۇۋەردى، بۇ چاغدا ئۇ ئەسكەرگە بولغان ئىچ ئاغرىتىشى ۋە ئۆزىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى چاندۇرماي ئولتۇراتتى. ئىككى قاپقا چۈشكەندە ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرگەن ئەسكەر چاپاننى ئۇنىڭغا سۇندى. پويىزنىڭ قوزغىلاي دەپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالغان گاھىش چاپاننى ئېلىپ ئەسكەرگە ئىككى قاپ تاماكا بەردى.

گاھىش چاپاننى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆردى - دە، چىرايىدىن غەلىبىلىك تەبەسسۇم ياغدى. ئۇ تاماكا ساندۇقىنى يەرگە قويۇپ، چاپاننى كىيىپ تۈگمىسىنى ئەتتى. چاپان سەل چوڭ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇ سودىدىن رازى ئىدى. گاھىش خۇشال ھالدا تاماكا ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، ۋوگزالدا ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈردى. شۇ چاغدا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ناباۋېيا كۆز ئالدىغا كەلدى - دە، «خەپ، ھازىرقى ھالىتىمنى كۆرگەن بولسىڭىز ماڭا ھېچقانداق قوپاللىق قىلمىغان بولاتتىڭىز، گېيىرمۇ ئۇنداق كۆرەڭلەپ كېتەلمەيتتى» دەپ ئويلىدى.

بىراق گاھىش گېيىرنىڭ بىر چاپانلا ئەمەس، بەلكى بىر قۇر كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى - دە، يەنە بىر بۇرۇلكىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاستا پويىز تەرەپكە قاراپ ماڭدى، «تاماكا، تاماكا. بىر بۇرۇلكىغا بىر قاپ تاماكا تېگىشىمەن... بىر بۇرۇلكىغا بىر قاپ تاماكا»، دەپ ۋارقىرىغىنى تۇردى. ئەسكەرلەرنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارغا ئۈچىسىدىكى چاپاننى كۆرسىتىپ، تاماكىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۈنۈم كۆرسەتتى. بىر ئەسكەر ئۆزىنىڭ ئۈچىسىدىكى چاپىنىغا تاماكا تېگىشمەكچى بولغاندا، گاھىش ئۇنىڭغا بۇرۇلكىسىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەسكەر دولىسىنى چىقىرىپ قويۇپ بۇرۇلكىسىنى سالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر سودا پۈتتى. گاھىش بۇرۇلكىنى ئېلىپ، بايام ئولتۇرغان يېرىگە بېرىپ كىيىشكە باشلىدى.

گاھىش بۇرۇلكىنى تېزلا كىيىپ بولدى. ئەمدى ئۇ ئىتالىيەلىك ئەسكەرلەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. يەنە

بىر نەرسە كەمدەك قىلدىغۇ؟ توغرا، كېيىرگە ئوخشاش كىيىنىش ئۈچۈن يەنە بىر جۈپ ئۆتۈك كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇ پويىزغا قاراپ تېز يۈگۈردى، «تاماكا، تاماكا! بىر جۈپ ئۆتۈككە بىر قاپ تاماكا تېگىشىمەن. بىر جۈپ ئۆتۈككە بىر قاپ تاماكا.» ئۇ ئەسكەرلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بايامقىدەك قول ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ خېرىدار تاپقۇچە پويىز گۈدۈك چېلىپ قوزغالدى. ئەسكەرلەرمۇ ئۇز ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. گاھىش قەدىمىنى توختاتتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، ئەسىرلەرنى يالاپ ماڭغان بىر ئەسكەر گاھىشقا قاراپ باشتا ئىنگلىز تىلىدا، ئاندىن ئىتالىيە تىلىدا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، «پويىزغا چىق، ھەي ئەسىر، تېز پويىزغا چىق دەيمەن!». گاھىش ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئىدى. ھېلىقى ئەسكەر يەنە ۋارقىرىدى، «پويىزغا چىق دەۋاتىمەن! ئاگاھلاندۇرىمەن، تېز پويىزغا چىق!». گاھىش پىسەنت قىلماي ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ مېڭىۋەردى. جىددىيلەشكەن ئەسكەر ئاخىرى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. «پاڭ!» قىلغان مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ گاھىش بىر ۋارقىراپلا دۈم چۈشتى، ساندۇقىدىكى تاماكا-سەرەڭگىلىرى يەرگە چېچىلدى. گاھىش ئۈن-تىنسىز ياتاتتى.

# ئۆتۈنۈپ قالاي، چاقچاق قىلماڭلار

كامىرو خېلسېر سېللا (ئىسپانىيە)

كارلو پاررىياكىنو قاراقچىلارغا ئوخشاش نىقابلىنىپ، ئاپتومات كۆتۈرۈپ بىر رېستورانغا باستۇرۇپ كىردى. رېستوران خېرىدارلار بىلەن لىق تولغان ئىدى. بۇ يەردە قىن-قىنىغا پاتماي ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بايۋەچچە بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە قورال ئېلىپ يۈرمەيدۇ، تەۋەككۇلچىلىك قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر دەل قاراقچىلارنىڭ ئوۋلاش نىشانى ئىدى.

كارلو پاررىياكىنو ئاپتوماتنى كۆتۈرگەن پېتى رېستوراننىڭ ئىشىكىنى تېپىپ كىردى-دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى:

—قولۇڭنى كۆتۈرۈش!

ئۇنىڭ ئاۋازى قاراقچىلارنىڭ سۈرلۈك ھەم قورقۇنچلۇق ئاۋازىغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. قورۇنغاندەك چىققان بۇ ئاۋازنى كۆپىنچە ئادەم ئاڭلىمىدى. مۇزىكانتلار كىشىنى بىزار قىلىدىغان «ئۈچىنچى ئادەم» دېگەن مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتاتتى، مۇلازىملار بولسا شىرەمۇ شىرە ئارىلاپ يۈرۈپ مۇلايىملىق بىلەن چىنە-قاچا يىغىش، قورۇما توشۇش، ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ بېرىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. رېستوران باشقۇرغۇچى ئېگىلىپ، زورمۇزور كۈلۈپ، يېڭىدىن كىرگەن خېرىدارلارنى شىرەلەرگە باشلاۋاتاتتى. كارلو پاررىياكىنو نىقاب ئاستىدىكى يۈزىنىڭ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى: «قانداق گەپ بۇ؟! ئۇلار ماڭا قاراپمۇ قويۇشمايۋاتىدۇ-ھە. بۇ دۆت ئېشەكلەر قولۇمدىكى ئاپتوماتنى كۆرمىدىمىكىنا؟» ئۇ كۈچەپ يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى:

—قولۇڭنى كۆتۈرۈش!

بىر قانچەيلەن نەزىرىنى ۋېيىتىرورنىڭ يوغان كۆكسىدىن يۆتكەپ، كارلو پاررىياكىنوغا قاراشتى.

—پاھ! نېمىدېگەن تەمكىن قاراقچى بۇ-ھە!

—قاملاشقان يىگىتكەنغۇ.

كارلو پاررىياكىنونىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا ھار كەلگەن ئىدى.

—قولۇڭنى كۆتۈرۈش دەيمەن! بۇلاڭچىلىق قىلغىلى

كەلگەنلىكىمنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى قولۇڭلارنى كۆتۈرمىسەڭلار ئوق چىقىرىمەن. قانداق گەپ بۇ!

بىر تەرەپتىكى شىرەدىن قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بەك قىزىقچى يىگىتكەن بۇ. ھەي، قاراقچى، بۇيەرگە كەل، بىر رومكىدىن ئىچىشەيلى. مۇلازىم، ھەي، مۇلازىم، ماۋۇ ئەپەندىمگە بىر رومكا شامپان كەلتۈرۈڭ، — دېدى بىر ئەپەندىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

كارلو پارىرىياكىنونىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

— قۇلاق سېلىڭلار، ماڭا تولا چاقچاق قىلماي، قولۇڭنى كۆتۈرۈش دەيمەن!

ھېلىقى ئەپەندىم تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكە ئاۋازى خېلى يىراق يەرگىمۇ يەتكەندەك قىلاتتى.

— بولدى قىل، يىگىت. ئۆزۈڭنى بېسىۋال، قاراقچىلار قىياپىتىگە كىرىۋالمىساڭمۇ بولىدۇ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ مەن بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىمەن، چۈشەندىڭىزمۇ؟ قولۇمدا قورال تۇرسا پەقەتلا قورقمىدىڭىزمۇ؟ پورتمال، زىبۇزىننەتلىرىڭلارنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويماي، ئەكسىچە كۈلۈۋاتىسىلەرغۇ؟ مېنى مازاق قىلىۋاتامسىلەر؟ ماۋۇ ئەپەندىم قىلچە جىددىيلەشمەي، بۇ ئىشنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغىنى نېمىسى؟

مۇزىكانتلار «ئۈچىنچى ئادەم» دېگەن مۇزىكىنى ئورۇنداپ بولۇپ، «ياۋۇز بۆرىدىن كىممۇ قورقسۇن؟» دېگەن مۇزىكىنى باشلىۋەتتى.

جىددىيلەشكەن كارلو پارىرىياكىنونىڭ ئېغىزى قۇرۇپ چۆلدەپ كەتكەندەك بولدى.

— قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار! ھەي، كۆتۈرۈڭلار دەيمەن!

— ياق، يىگىت، قولۇمنى كۆتۈرمەيمەن. باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىمنى بۇلاپ كېتىشىنى خالىمايمەن.

قاتتىق كۈلكە ئاۋازى تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلاندى. بىرنەچچەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، كارلو پارىرىياكىنونى ئوتتۇرىغا ئېلىشىپ، ئىندىيانلارچە قولىنى قولىغا تۇتۇشۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

كارلو پارىرىياكىنو ئۆزىنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.

— خەپ! ئەمدى مەندىن يامانلىماڭلار. قولۇڭلارنى زادى كۆتۈرەمسىلەر، ياكى كۆتۈرمەمسىلەر؟

كۆپچىلىكنىڭ تولا كۈلۈپ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى. بىر قانچە خانىم تېخى: «بۇ قاراقچى بەك ئوماق ئىكەن» دېيىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. كارلو پارىرىياكىنو ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بوپتۇ ئەمسە، — دېدى ئۇ ئىلاجىسىز ھالدا بوش ئاۋازدا، — بەك ئۇسساپ كەتتىم، ماڭا بىر رومكا شامپان بېرىڭلار.

رېستوراندىكى خېرىدارلارنىڭ كەيپى خېلى توشقان بولۇپ، چىرايلىرى پارقىراپ كەتكەن ئىدى.

— رېستوران خوجايىنىنىڭ تاپقان بۇ ئويۇنغا قارىمامدىغان، — دېدى بىرەيلەن خۇددى بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىدىغاندەك.

كارلو پارىرىياكىنو ئولتۇرۇپ بىر ئىستاكان شامپاننى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئولتۇرغان شىرە ئۈستىدىكى ھاراق بوتۇلكىلىرى، رومكىلار ۋە يەلپۈگۈچ قاتارلىق نەرسىلەرگە يەنە ئاپتوماتمۇ قوشۇلۇپ، ئاجايىپ قىزىقارلىق مەنزىرە شەكىللەنگەن ئىدى.

ساقچىلار كىرىپ كەلدى. كارلو پارىرىياكىنونىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئۇنى ئېلىپ ماڭدى. كارلو پارىرىياكىنونىڭ رېستوراندىكىلەرگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن، «ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا چاقچاق قىلماڭلار» دېمەكچى بولغىنى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

(خەنزۇچە «تاللانغان چەتئەل مىكرو ھېكايىلىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى)

(تەرجىمان ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەسئەت ئابدۇرېشىت

# قۇشنىڭ خىسلىتى، يېتىمنىڭ نۇسرىتى



گۈلبانۇم ئابابەكرى

1

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە تەگرى بىر جۈپ قۇش ياراتقانمىش، ئۇلار دەۋرى قىيامەتكىچە بىر - بىرىنىڭ ۋەسلى ۋە دىدارىغا مۇيەسسەر بولالماي ھالى خاراب باغرى كاۋاپ ئۆتەرمىش. بۇ مۇبارەك بىر جۈپ قۇش، ئەھلى جاھانغا ئاشكارا بولغان كاككۇك بىلەن زەينەپ ئىكەنمىش...

ئەلقىسسە، كاككۇك بىلەن زەينەپ بىر - بىرىگە ئاشىق بىقارار ئىدى. كېيىن قانداق ۋەقەلەر روي بەردى بۇنىسى نامەلۇم، بۇ ئىككىسى بىر يەردە بولالمىدى. ئۇلارنىڭ چىن سۆيگۈ شاخلىرىغا يىگىچە بىر ئارزۇ تىلەكنىڭ بىقارار ئوتلىرى تۇتاشتى. يىراق جاڭگاللىغا كېتىپ بۇك - باراقسان ئورمانلار ئارىسىدا كەڭ - كۇشادە يايراپ مۇقەددەس ئۇۋا سالماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ مەنزىلگاھىدا بىر دەريائى ئەزىم بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈش بەسى مۇشكۇل ئىدى. چۈنكى، ناھايىتى كۆپ قۇشلار دەل مۇشۇ دەريادىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەي سۇغا غەرق بولغان ئىدى.

كاككۇك ئۆز مەنزىلگاھىغا ساق - سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. زەينەپچۇ؟ رىۋايەت قىلغۇچىلار بىزگە شۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇ، سۆيگۈ ئېغىشلىرى، ۋاپاسىزلىقى بىلەن دەريادىن ئۆتەلمەيدۇ.

بۇ خىل قۇش بىرى ھۇرۇنلۇقتىن، يەنە بىرى، ئۇجمە كۆگۈل بولغانلىقىدىن ئۆز تۇخۇمىنى يات قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ قويارمىش. ئۇنداقتا، بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. زەينەپ قۇشى ھۇرۇن بولسا، نېمە ئۇچۇن كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىماي كاككۇك، دەپ سايرايدۇ؟ ئۇنى ئۇجمە كۆگۈلمۇ دەيلى، ئۇنداقتا، ئۇ، نېمە ئۇچۇن تا ھازىرغىچە، جان ئاشىقى كاككۇكنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ؟ ئۇ، ئۆتمۈش ئىزنالىرىغا گۇۋاھ مۇقەددەس دەرەخ شاخلىرىدا كاككۇك دەپ ھەر بىر سايرىغىنىدا ئاغزىدىن خۇن تۆكۈلەرمىش، جاۋاب ساداسى چىقمىغاندىن كېيىن، بىھوش بولۇپ يىقىلارمىش... قايسى بىر ئانا قۇشنىڭ ئۆز تۇخۇمىنى يات قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ قويغۇسى بار؟ دېمەك، ئۆتمۈش رىۋايەتلىرىنىڭ بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن نۇرغۇن تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. مەيلى، ئۇ، ھۇرۇنلۇقتىن ياكى ئۇجمە كۆگۈللۈكتىن تاشلىسۇن، بىز ھازىرچە بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلماي تۇرايلى. بۇ يەردە ئويغاق كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى تارتىدىغان يەنە بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ غورۇلاي روھى...

زەينەپ زاھىتلىق دەرەخلىرىدە زاھىت بولۇپ كەتتى، ئۇ پەقەت كاككۇك دەپ سايراشنىلا بىلىدۇ. خوش، غورۇلايچۇ؟ ئۇ ئۆز ئۇۋىسىدا يات بىر تۇخۇمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ. تۇخۇم يېرىپ چىققان ئوماق قۇش باچكىسىغا قاراپ ئۇنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە كۆز ياشلىرى بىلەن شۇنداق بوزلايدۇ:

بىزدە بار دەرەخنىڭ ئىزى،
تاش ياپراقلار.
بىز لاچىن قۇشى ئەمەس،
ئۆتۈپ كېتىمىز، لېكىن
ئاستىمىزدا قول پۇلاڭلىتىپ،
قالار دەريالار...

## 2

دەرۋازا شاراقلىدى .

بۇ قاق سەھەردە كەلگەن كىمدۇر دەپ دەرۋازىنى ئاچتىم .

بىر قىزچاق هويلىغا كىرىش بىلەنلا:

ـ هەدە ، خۇشـــــــخەۋەر ، مەن شـــــــىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بولدۇم ، سىزگە كۆپ رەھمەت ، ـ دېگىنىچە ، مېنى چىڭ قۇچاقلىدى .

ـ ماڭا رەھمەت ئېيتماڭ ، ئاشۇ ساخاۋەت ئاتىلار جەمئىيتىگە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ .

قىزنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ ، كۆڭلى بۇزۇلماقتا ئىدى .

ـ سىز تونۇشتۇرۇپ قويمىغان بولسىڭىز بەلكىم ، بۇنداق ياخشى كۈنلەر بولمىغان بولاتتى .

ـ ياق ، ئۇلار سىزنى هامان بىر كۈنى ئىزدەپ تاپاتتى .

ـ بۈگۈن ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى ئىدىم ، سىز بىلەن خوشلىشىپ ماڭاي دېگەن . . .

قىزنىڭ مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئېرتتىم .

ـ يىغلىماڭ ، چوقۇم ياخشى ئوقۇڭ . . . ئاشۇ ساخاۋەتچى ئاتىلار ئۈمىدىنى يەردە قويماڭ ، كۆز ياش هېچكىمنى قۇتقۇزالمايدۇ . . . ئۆزىڭىزغا تايانماي جاسارىتىڭىزگە ، ئەقىل ـ پاراسىتىڭىزگە تايىنىڭ!

مەن ئۇنى قايتا ـ قايتا باغرىمغا باستىم . ئۇ ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ مەن بىلەن خوشلاشتى . ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇم .

خەيرلىك تاڭ شاملى ياپراقلار ئارا شىۋىرلايتتى . بۈگۈن مەنلا ئەمەس ، چىن يۈرەكلەردىن چىققان يەنە تالاي ئىزگۈ تىلەكلەر ئۇنى ئۇنىسىز ئۇزاتماقتا ئىدى .

بۇ قىزچاقنىڭ ئانىسى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يامان ۋىرۇسلۇق كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى . ئېغىرلىشىپ يېتىقتا قالغان ۋاقىتلىرىدا مەن يوقلاپ بارغان ئىدىم . ئۆيگە كىرىپ سۇپا ئۈستىدىكى مەخسۇس كېسەل ئۈچۈن راسلانغان ئورۇندا سوزۇلۇپ ياتقان ئايالنىڭ بىر تىرە بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان مۈزدەك مەڭزىلىرىگە يۈزۈمنى ياقتىم . بۇ ئايال كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئىكەن . هازىر كىچىك دادىسى قاراۋېتىپتۇ . مەن ئازراق پۇل ، يەيدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىمدا ، ئۇ ماڭا قولىنى سۇندى . ئۇنىڭ قولىغا قاراپ يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى . قولدا گۆش دېدارى يوق ئىسكىلىتلا قالغان ئىدى .

ئۇنىڭ قولىنى ئاخىرقى قېتىم سىقىشىم بولۇپ قالدى . نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم . ئۆلۈم پەتىلەپ هويلىغا چىققىنىمدا ئۇنىڭ قىزى چېكىلەپ ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان بولۇپ ، چىرايى تېگى ـ تېگىدىن تاتىرىپ كەتكەن ئىدى . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئاپىسى چىداپ ئوقۇتقان بۇ قىزچاق نە ئاتا ـ ئانىسى ، نە بوۋا ـ مومىسى يوق ، پەقەت ، ئاپىسىنىڭ بولغۇسى هامىيسى بولغان كىچىك دادىسىنىڭ قولىدا قالغان ئىدى . بۇ ياشىنىپ قالغان ئاتا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئانىسىنىڭ ۋەسىيتى بويىچە بۇ قىزچاقنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇتىدۇ . قىز ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ قەغىزى كەلگەندە ، ئوقۇش پۇلىغا چىقىش قىلالماي قىزنى ئوقۇتۇشتىن يالتىيىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بۇ قىزچاق مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدى . مەن دەرهال قورغاس ناهىيەلىك ساخاۋەت ئاتىلار جەمئىيتىگە ئىنكاس قىلغىنىمدا ، ئۇلار ، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدىغانلىقىنى ، ئەگەر قوبۇل قىلىنىش شەرتىگە توشسا تىزىملىككە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي تۇرلۇك ئىقتىسادىي سەۋەب بىلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەهرۇم قالغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا تىزىملىككە ئېلىنغانلىقىنى ماڭا ئۇقتۇردى .

مەن **2014** ـ يىلى ، **9** ـ ئاينىڭ **24** ـ كۈنى قانداق كۈچنىڭ تەسىرى ئۆزۈممۇ بىلەلمىدىم ، بۇ ئاتىلار جەمئىيتىنى زىيارەت قىلىپ باردىم . خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چىقىپ يورۇق ، ئازادە ، ئاجايىپ مېهرى ئىسسىق بىر ئىشخانىغا كىرىپ قالدىم . رەئىس سەھنىسىنىڭ سول تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن «خەيرىيە ئوقۇش مۇكاپاتى»غا نائىل بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يارقىن سۈرەتلىرى مېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى . بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، خۇيزۇ ، قازاق قاتارلىق هەر مىللەت بالىلىرى بار بولۇپ مۇقىم ياردەم تۈرى ،

uyghurkitap.com



ۋاقىتلىق ياردەم تۈرى... قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ياردەم بېرىپ قىيىنچىلىق تۈپەيلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانى بولماسلىقتەك بۇ بوشلۇققا خاتىمە بېرىلگەن ئىدى. شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا يول ئالغان توققۇز نەپەر ۋە بىر يىللىق ئوقۇش ياردەمگە ئېرىشكەن يىگىرمە بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ يالقۇنلۇق سالاملىرى، دىل ياپراقلىرىدىن گويا باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرى، تەشەككۈرلىرى تېخى قۇرۇلغىنىغا ئۈچ يىل بولمىغان بۇ ساخاۋەت ئاتلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يۈكسەك ۋىجدانى بۇرۇچ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق-پەزىلەت تۈيغۇسى بىلەن قورغاس دىيارىنىڭ مائارىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

بۇ ساخاۋەتلىك ئاتلار جەمئىيەتىنىڭ قابىل ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە رەھبەرلىك قورۇلمىسى، مائارىپنى ئاساسىي نىشان قىلىشتەك ئاقىلانە تاللىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئىشخانا تاملىرىغا چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان «مېھىر بىلەن ئىللىسۇن دۇنيا، مېھىر بىلەن يورۇسۇن دىللار» دېگەن جۈملىلەردىن باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مەشئەللىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ساخاۋەت ئىگىلىرىنىڭ يۈرەك نىداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، قورغاس دىيارىدىكى روھى ئويغاق، جان-دىل بىلەن ساخاۋەت ئىشلىرىنى قوللايدىغان بىر تۈركۈم جىگەرلىك ئاياللارمۇ بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. قورغاس ناھىيەلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئارزۇگۈل ئۆمەرنىڭ نەچچە يىللىق تەشكىللىشى ۋە كۆپ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، **2015**-يىلى **1**-ئايدا ئەسلىدىكى ساخاۋەتچى ئاتلار جەمئىيىتى ئاياللار قوشۇنىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قورغاس ناھىيەلىك «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئەزا سانى ئەر-ئايال بولۇپ **400** دىن ئېشىپ كەتكەن.

نەۋايىنىڭ شۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزلىرى بار. «دېھقان خالىس نىيەت بىلەن بىر دان چاچسا، خۇدا بىرگە يۈزنى بېرىدىغان ئىشكىنى ئاچىدۇ. تېرىغان دان مايسا بولۇپ تاكى پىشىپ خامان قىلىنىپ ئۆيگە ئەكەلگىچە قۇرت-قوڭغۇزلار، جان-جانىۋارلار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن، دەشتتىكى ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭدىن خورسەن بولىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆيى ئاۋات بولىدۇ. بۆرىلەرنىڭ ئۆيى شاد بولىدۇ. كەپتەرلەر ۋە تورغايلار شادلىققا ئۆلىشىدۇ. ئورمىچى، باشاقچىلار ئۇنىڭدىن رىزىق تاپىدۇ. ماتا، چەكمەن توقۇغۇچىلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدۇ. مۇساپىرلارغا رىزىق يېتىدۇ. غېرىب-غۇرۋالار، ئاجىز پۇقرالار ئۇنىڭدىن رىزىق ۋە قۇۋۋەت تاپىدۇ.»

دېمەك، بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئاجايىپ چوڭقۇر بىر ھېكمەتنى ھېس قىلىمىز. يۇقىرىقى جۈملىدىكى خالىس دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنىنى چۈشىنىپ يېتەلىگەن ئىنسان، ئۇلۇغ دېگەن سۆزنىڭ تېرەن مەنە قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدۇ. دېمەك، ئەل ئىچىدە خالىس ساخاۋەتچىدىن بىرى كۆپەيسە يۈزلەپ خەير-ئېھسان ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. كۆڭۈل-كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ. گۈزەللىك ناخشىلىرى ناۋا قىلىدۇ. ھەرقانچە يۇقىرى ئۇنۋان، پۇل ۋە بايلىق، شان-شەرەپ، شۆھرەت بەزىدە بىزنىڭ روھىمىزدىكى ئىزتىراپ ۋە يىگانىلىققا دالدا بولالمايدۇ. مۇبادا، بىز موھتاجلىق ئىچىدە كېتىۋاتقان بىر مۇساپىرغا ياخشىلىق قىلغىنىمىزدا، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىزگە تەشەككۈر بىلدۈرگەن چاغدىكى سۆزۈك ياش تامچىلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، ئىچىمىز ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالىمىز. دېمەك، بىر كىشىنىڭ باي ياكى كەمبەغەل بولۇشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، جەمئىيەتكە ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بولغان مەسئۇلىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**2015**-يىلى **3**-ئاينىڭ **21**-كۈنى، قورغاس ناھىيەلىك «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى، قورغاس ناھىيەلىك «شېرىن سودا شىركىتى» نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشى بىلەن ناھىيەلىك «ياۋا ئەترگۈل» رېستوراندا نورۇز

پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مەن پائالىيەت زالىدا ئولتۇرۇپ «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ قوشۇلغان گۈلچىراي خانىم ـ قىزلارنى ئاخىرى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشتىم. ئۇلار شۇ كۈندىكى قۇتلۇق نورۇز پائالىيىتىگە قاتناشقىنىغا، بولۇپمۇ «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرگىنىگە بەكمۇ خۇشال ئىدى. مەنمۇ بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئارزۇگۈل ئۆمەر، رىزۋانگۈل، مەلىكاي، گۈلزار... قاتارلىق ئاياللار بىلەن نەق شۇ سورۇندا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش، سىردىشىش ئارقىلىق، ئۇلاردىكى سەممىيەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈلگە، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرنى كۆرسە ياردەم قولىنى سوزۇشقا تەييار تۇرىدىغان سېخى، مەرد جاسارىتىگە، ئىلىم سۆيەر پەزىلىتىگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم. سۆھبەت ئىچىدە ئارزۇگۈل ئۆمەرنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

ـ ئىككى يىلدەك بولدى، مەن بۇ ئاياللار قوشۇنىنى تەشكىللەپ مۇستەقىل ئاياللار ساخاۋەت جەمئىيىتى قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ ئارمانلىرىمىز رويابقا چىقماي قالدى. لېكىن، ئايرىلىشتىن بىرلىشىش ئۇلۇغ... بۈگۈندىن كېيىن قورغاس ناھىيەلىك «خەيرىيە» جەمئىيىتىنىڭ تېخىمۇ يارقىن جۇلا قىلىشى ئۈچۈن بىز ئايالار ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن بىرلەشكەنگە چۈشلۈق خاس روھىمىزنى جارى قىلدۇرىمىز.

مانا بۇ ئايالار ۋەكىلىنىڭ، قەلبى ئوتلۇق، مىللەت سۆيەر، ئەۋلادقا كۆيەر بىر ئانىنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. بۇ سۆزلەردىكى جاسارەت، مەسئۇلىيەت ئۇنىڭدىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سوئال سورىشىمغا مەجبۇر قىلدى.

ـ بۈگۈنكى پائالىيەت سورۇنىدىكى ئايالار سانى ئاز ئەمەس. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا **150** دىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارنى تەشكىللەش ۋە ئەزالىق كىنىشكىلارنى بېجىرىش جەھەتلەردە كۆپ كۈچ چىقىرىپسىز. مۇشۇ ھەقتىكى قارىشىڭىزنى بىر ئاڭلاپ باقاي دېگەن...

ئارزۇگۈل ئۆمەر ئەتراپتىكى ئايالارغا بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن شۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ يولدىشىم ھۇسەنجان مۇشۇ ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى بولغاچقا بىزنىڭ ئۆيدە كۈندە دېگۈدەك ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. كۆپىنچىسى ھاجەتمەنلەر بولۇپ ھال ـ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىدۇ. بەزىلىرى دوختۇرخانىغا تۆلەيدىغان پۇل يوق، ئازراق قەرز ھەل قىلىپ بەرسەڭلار دەپ كەلسە، يەنە بەزىلىرى بالامنى ئوقۇتاي دېسەم ئىقتىساد يوق دەپ ئۆز دەرد ـ ھەسرىتىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھال ـ مۇڭلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ. بىز ئايالارمۇ ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش مەجبۇرىيىتىمىز بارلىقىنى، ئۇلارغا ياردەم قولىمىزنى سوزۇشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇڭا، بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئايالار يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئېيتقىنىمدا كۆپ سانلىق ئايالار مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ھەم ئەزا بولۇشقا قوشۇلدى.

شۇنداق، ئايرىلىشتىن بىرلىشىش ئۇلۇغ... بۇ مۇساپە ھەقىقەتەن مۇشكۈل، ئۇلۇغ مۇساپە... مۇشكۈللۈكى، داۋاملىق ئەزا ئىزچىللىقىنى خالىس ھالدا ساقلاپ قېلىش، ئۇلۇغلۇقى، خەير ـ ئېھسان ئارقىلىق كىشىلەرنى گۈزەللىككە ئۈندەش، ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش.

ئارىمىزدا شۇنداق ئايالارمۇ بار. ئۇلار بىرەر پارچە كىتاب ئوقۇشقا، ئىلىم ـ ئېھسان بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرۇشقا سەل قارايدۇ. قارىغۇلارچە ئۆي بېزەش، زىبۇزىننەت، قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەك، گىرىم بۇيۇملىرىغا ھەۋەس قىلىش بىلەن كۈنلىرى ئۆتىدۇ. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ سورۇنلىرىدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يېڭى پەتىۋا، قۇرۇق ئابرۇيپەرەسلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى، نەپرىتىنى قوزغىغان ئايالارمۇ ئاز ئەمەس. پۈتكۈل يەر شارىنى يورۇتقان قۇياشنىڭمۇ قىزغۇچ نۇرى يېتىپ بارالمايدىغان سايە، تەسكەي جايلىرىمۇ بار. ئۇلار يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، باشقا مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئەھۋالىغا شۇنداقلا، ئەتراپتىكى ئايالارغا قاراپ ئىش تۇتۇشى كېرەك ئىدى. قىسمەن ئايالاردا ئەۋج ئالغان بۇ سەلبىي ھادىسىلەر نۆۋەتتە بىز ئايالار ئويلىشىدىغان تەخىرسىز مەسىلە بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تەگسىز مۇۋازىنەت ئىچىدە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئاتلار ئۆتقان يولى توغرا، ئۇلۇغ يول دەپ بىلىپ «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشنى ئويلايدىغان، ئىلغار پىكىرلىك، قەلبى مېھرلىك ئانىلارغا ھەممىمىز چىن قەلبلەردىن تەشەككۈر ئېيتماي تۇرالمايمىز.

قورغاس دىيارىدىكى بۇ ساخاۋەتچى ئەر- ئاياللارنىڭ ساخاۋەت يوللىرىغا ئورتاق قەدەم بېسىشى قورغاس دىيارىنىڭ مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزە دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

خەيرى- ئېھسان ئىنسانىيەت روھىيىتىدىكى ئۆزىدىن ئېشىش ۋە ھالقىش بەدىلىگە ۋۇجۇدقا كەلگەن سۈبھىدىكى باھار شامىلى ياكى تاڭ قۇياشى بولۇپ، ئۇ پاكىز قەلبتىكى ھەممىدىن ئەلا بولغان ئالىيجاناب ئەخلاقىي- پەزىلەت جۇملىسىدىندۇر. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنى «كىشىلىك» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ دەل بىز تەرىپلەۋاتقان خەير- ئېھساننىڭ ئۆزىدۇر. بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇ بۈيۈك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى كۈنسايىن بېيىتىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان ماكان ۋە زاماننىڭ تەلىپى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مىسلىسىز شانۇ- شەۋكەتلىك ھەم سەلتەنەتلىك ھايات شەجەرىسىنى كۆڭۈل بەتلىرىگە شەرھلەپ كەلدى. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ يۈكسەك ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ زور ئەنئەنىۋى تەسىر كۈچىدە ئەۋلادلىرىمىز ھەردەم باشقىلارغا خالىسانە ياردەم بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق پەلسەپەسىنىڭ ئاساسي قىلىپ كەلدى. ئۇلار بۈگۈنگە كەلگەندە، بارلىقىدىن كېيىنكىلەرگە بەخت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ شادىمان تۇرمۇش كەچۈرۈشى ھەمدە ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلىپ، بەتەكرار ھاياتىدا ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا ئاساس سالماقتا. ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ ئەگگۈشتەرنىڭ مەزمۇنىمۇ كۈنسايىن بېيىپ، مولللىشىپ، چېتىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ، مىسلىسىز نامايان بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئائالىلى، ئەينى دەۋردە جاھان شېئىرىيەت مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى دەپ تەرىپلەنگەن نەۋايى ھەزرەتلىرى ھەر كۈنى 2000 دىنار خەيرى- ئېھسان پۇلىنى يېتىم- يېسىر، ئىگە- چاقىسىز، تۇل ئاياللارغا تارقىتىپ، ھەممىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغاندى. دەۋرىمىزدىمۇ بۇنداق ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلغان تالاي خالىس ساخاۋەتچىلەر مەيدانغا كەلمەكتە. بۈگۈنكى دەۋر قورغاس دىيارىدىكى بىلىپ ئۆمىد ساخاۋەتچىلەر تۇيى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان تەسىر كۈچى زور «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتى گويا قوش ئېقىن بولۇپ ئېقىۋاتقان سۈپ- سۈزۈك تاغ سۇلىرىدەك تۈمەنلىگەن نۇرانە تارامالارغا بۆلۈنۈپ سۇنۇق دىللارنىڭ چاڭقىغان ئېدىرلىرىغا ئۆركەشلەپ قۇيۇلماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پولاتتەك مۇستەھكەم سېپىنى زورايتىپ، ئىجابىي تەسىر بىلەن رايوندىن ھالقىغان يەنە بىر مەدەنىيەت پىرامىداسى شەكىللەندۈرمەكتە.

قىسقىسى، خەيرى- ئېھسان بىر قۇياشتۇركى، ئۇنىڭ جىلۋىسى، نۇرى، ھارارىتى خۇددى مەڭگۈ ئۆچمەس مۇھەببەت يالقۇنلىرىدەك مىليونلىغان ۋۇجۇدلارنى ئىللىتىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنزىل تامام سەپىرىنى ئۇزارتىپ، ھاياتنى مەنالارغا ئىگە قىلىدۇ.

شۇ كۈنى پائالىيەت ناھايىتى جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. «خەيرىيە» ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرىدىن ئابدۇلجان ئاكا ۋە ھۆسەنجان ئىمامنىڭ ئاياللار قوشۇنى قوشۇلغاندىن كېيىنكى خەيرىيە ئىشلىرىنىڭ يېڭى قەدىمى ۋە بۇندىن كېيىنكى پىلانى توغرىسىدا ئېيتقان ھاياجانلىق نۇتۇقلىرى، شېھىر سودا شىركىتىنىڭ مەسئۇلى يالقۇن ياسىننىڭ تىجارەت مۇساپىسىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئۇلارنى يېڭىش جەريانىدىكى جەسۇرانە كەچمىشلىرى ۋە ئېرىشكەن نەرسىنى باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشتەك ئىنسانىي خىسلىتى، ناھىيەلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى خالمۇھەممەد باشچىلىقىدىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىغان سەر خىل ئويۇن نومۇرلىرى، زۇلخۇمار مۇئەللىمنىڭ ئاياللار ساخاۋەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى يېڭى قاراشلىرى، بايانلىرى، ئەركىن ئابلىز مۇئەللىم ۋە يازغۇچى

زۆھرەگۇل ئابدۇۋايىتنىڭ ئوقۇغان شېئىر دېكلاماتسىيەلىرى سورۇن كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ئاخىرىدا خۇلاسە سۆزى قىلىپ باش مەسلىھەتچى ئابلىكىم ئابابەكرى ئاكا مۇنداق دېدى:

— سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، بىز ھەممىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ بۈگۈنكى بايرام تەنتەنىسىدە يۇرت ئوغلانلىرىنىڭ چىن سۆزلىرىدىن، زەمزەم سۈيىدەك ۋۇجۇدلارغا قۇيۇلۇۋاتقان، ھاياتلىق قەسىدىسى ۋە ئەقىدىسى بىلەن تويۇنغان يېقىملىق نورۇز كۈيلىرىدىن بىرلىكتە زوق ئالدۇق. نۆۋەتتە، بىز ئويلىشىدىغان مەسىلە، بۇندىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق ئېلىش، ھەم قانداق داۋاملاشتۇرۇش... مال - دۇنيا تارازىغا پاتقان بىلەن مېھىر - شەپقەت ھەرگىزمۇ سىغمايدۇ. ئۇنىڭ باھاسى يوق. ئۇ قېلىپتىن چىقىدىغان نەرسە. ئۇ «ھاياتتىن كېيىن يەنە بىر ھايات بار» دەپ بىلگەن كىشىنىڭ قەلبىدىنلا چىقالايدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ھېلىھەم بىر ئۆمۈر ياشاپمۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلغۇدەك ياكى ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ كەتكۈدەك قۇربىنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەنلەر ۋە ئۆتۈۋاتقانلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بەزى مۇھتاجلىرىمىزغا كىيىم - كېچەك كېرەك ئەمەس، دەرسخانا كېرەك. ئۇن - ماي كېرەك ئەمەس، يەر ۋە تېخنىكا كېرەك. بېلىق گۆشى كېرەك ئەمەس، بېلىق تۇتۇش ھۈنىرى كېرەك!

ئاخىرىدا رىياسەتچى ئەنۋەرنىڭ تۆۋەندىكى مەنىدار ھەم يۇمۇرلۇق سۆزلىرى بىلەن بۇ قۇتلۇق نورۇز پائالىيىتى ئاياغلاشتى.

— بىز بەزىدە چەتئەللىك مەھسۇلاتلىرىنى ماختاپ بار كۈچىمىز بىلەن سېتىۋالىمىز. ئەپسۇس، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك كارخانىلىرى ئەسقاتىدۇ. خانىم - ئەپەندىلەر، كارخانىچىلىرىمىزنى قوللاپ قويايلى، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سېتىۋالايلى، ئۇلارغا مەدەت بېرەيلى! بىز يېقىلساق ئورنىمىزدىن تۇرغۇزىدىغان كىشىلەر يەنىلا ئاشۇلار...

3

مەن خېلى كۈنلەرگىچە ئاشۇ نورۇزلۇق پائالىيەتلەردىكى ئاتىلار سىماسىنى ئانىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئۇنتالمىدىم.

بۇ ھىدايەتكار خىسلەتكە باي كىشىلەرنىڭ ئۈچمەس ئىش - ئىزلىرىدىن پەخىرلىك ھېس قىلىش بىلەن ئاداقىي داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ مەنزىل ئۆتكەللىرىدىكى مۇئەممالىق ئوي - پىكىرلەرگە چۆككەن كۆڭلىرىمنىڭ بىرىدە ئىدارىدىكى بىرەيلەندىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

كىمدىن كەلگەندۇ، دەپ قاراپ باقسام دەل مەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى قىزچاقتىن كەپتۇ.

«ياخشىمۇ سىز ھەدە؟ مەن مەكتەپكە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالدىم. مەكتەپنىڭ شارائىتى ياخشى ئىكەن، كۆنۈپ قالدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ساۋاقداشلىرىم مېنى ئانچە ئارىغا ئالمايتتى. ئۇلار مېنى ئارىغا ئالمىغانسىرى مەن ياخشى ئوقۇدۇم. لېكىن، ئىچىمدە ئويلايتتىم. مەنمۇ مۇشۇنداق يېگانە ئۆتەرمەنمۇ، مېنىڭمۇ كۈلىدىغان، خۇشال بولىدىغان كۈنلىرىم كېلەرمۇ؟ مانا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، ساۋاقداشلىرىم بىلەن قول تۇتۇشۇپ ناخشا ئېيتىۋاتىمەن. ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ئىنسان مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى قايتىدىن ھېس قىلدىم. ئاشۇ ساخاۋەت جەمئىيىتى بولمىغان بولسا مېنىڭ بۈگۈنكى شادلىق كۈنلىرىم بولمىغان بولاتتى. قايسى كۈنى كەچتە ئاپام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ، چۈشۈمدە مېنىڭ باشلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ، باشقىلار يەنە سىزگە ئازار بېرىۋاتامدۇ؟ دېگۈدەك.

ئويغىنىپ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغلاپ كەتتىم. ھەدە، مەن راستتىنلا ئاپامنى سېغىندىم. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، ئۇ، ھايات بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ھە! كىچىك چاغلىرىمدا شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئاپام بىلەن دادام ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى. دادام ئاپامغا ھەرگىز ئازار بەرمەيتتى. كۆزىگە قارايتتى. ئۇ، بىزنى تېخىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىمەن، دەپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ - چىقىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. دۇنيادا ئۇنداق كۆيۈمچان دادا بولماس، دەپ ئويلايمەن. ئۇ بارلىقىنى، ياشلىق كۈچىنى بىزگە بېغىشلىغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىراق، كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تىنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ ئاخىرى يېتىقتا يېتىپ قالدى. ئاپام شۇنچە ئامال ـ چارىلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇ، شۇ ياتقانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. بىر كۈنى، سەھەردە، ئاپام بىلەن ئىككىمىزنىڭ قولنى چىڭ تۇتقىنىچە كۆزى ئوچۇق جان ئۈزدى... ئۈزاق ئۆتمەي ئانامىمۇ تۈگەپ كەتتى. مەنمۇ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ يۈرگەن ئىدىم، لېكىن، ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتىمەن، ھەدە...

مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا ھويلىمىزدىكى ھال رەڭ ئەتىرگۇللەردىن ئىككى تال ئۈزۈپ ئۇلارنىڭ قەبرە بېشىغا قويدۇم. بۇ گۇللەرنى ئۇلار ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ئاپام رەھىمسىز كېسەل بىلەن كۆز يۇمغان ۋاقىتدا تېخى ئوتتۇز ئالتە ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىدى، جېنىم ھەدە... زاراتگاھلىق چېتىدىكى دەرەخلەردە قۇشلار توختىماي سايرايتتى. ئۇلار ماڭا باقىلىق بىلەن پانىيلىقنىڭ پاسىل قۇشلىرىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئاپا، دادا، دەپ بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىدىم. قۇشلار ئۈركۈپ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. مەن قانچە توۋلىسامۇ ئۇلار قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇلار يەر شارىدا ئەمدى يوق. ماڭا مەڭگۈلۈك چىدام، غەيرەتنى قالدۇرۇپ كەتتى. كۆز ياش سىز ئېيتقاندەك ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدۇ...

ئەمدى يىغلىماسلىققا تىرىشىمەن. ياشلىرىمنى ئىرتىپ تۇرۇپ كۈلىمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام يوقلۇقتىن يەنە بار بولىدى... ئۆز باللىرىدىن ئېشىنىپ ماڭا مېھىر قوللىرىنى سۇنغان، مېنى ئوقۇتقان، قەلبىمگە ھىدايەت نۇرىنى چاچقان ئاشۇ ئاتىلار ۋە ئانىلاردىنمۇ ئۇلۇغ ئاتا ـ ئانا بولمىسا كېرەك. مەن ياخشى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ئەجرىگە چوقۇم جاۋاب قايتۇرىمەن...

خەير ھەدە، ئامان بولۇڭ.»

گىرەلەشمە ھېس ـ تۇيغۇلار ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

گاھ خەت يازغۇچى قىزچاقنىڭ ئۈمىد، نۇسرەت پارلىغان سۆيۈملۈك چېھرى، گاھ ساخاۋەت جەمئىيەتدىكى باھادىر ئوغلانلارنىڭ، بەرنا خانىم ـ قىزلارنىڭ مېھىر ۋە ئىللىقلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان نۇرلۇق سىماسى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولماقتا ئىدى. باش رەئىس ئابدۇلجان ھاجىم ئاكىنىڭ يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا قارىماي بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى، ھۆسەنجان ئىمام ۋە ئابلىكىم ئابابەكرى قاتارلىقلارنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان توختاۋسىز ئىزدىنىشلىرى...

ھەر ئايدا بەدەل پۇلى تۆلەش ئۈچۈن كېلىۋاتقان ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكى ياشلار، ياشانغانلار، ئايالالار بولۇپمۇ **80** نەچچە ياشلىق بوۋايلارنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك پەلەمپەيلەردىن ھالسىراپ چىقىشلىرى...

بۇلار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ قورغاسلىق بۇ ئاتىلارنى، ئانىلارنى زادى قانداق كۈچ ساخاۋەت يوللىرىغا باشلىدى؟ بۇ كۈچ نەدىن كەلدى؟

بىر قوۋمنىڭ گاداي قالغىنى نومۇس ئەمەس، بىلىمسىز، نادان قالغىنى نومۇس! قورغاس دىيارىدىكى بۇ ساخاۋەتچى جەڭگىۋار قوشۇنلار مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن.

ئۇلارنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى قىينچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ روھىنى ئويغىتىش، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇتۇش، بۇ ئارقىلىق، ئىنسانىي شان ـ شەرەپ بىلەن ياشاشقا ئۈندەش...

قولۇمدىكى خەتنى چىڭ سىقىمدىدىم.

قورغاس مائارىپىنىڭ بۈشۈكى بولغان «خەيرىيە مەكتەپ» نىڭ يىراق قەدەم ئىزلىرىغا نەزەر ئاغدۇردۇم. ئۇلۇغ غورۇلاي روھى يەنە بىر قېتىم روھىمنى چايقاپ ئۆتتى.

بىزدە بار دەرەخنىڭ ئىزى.
تاش ياپراقلار.
بىز لاچىن قۇشى ئەمەس...
ئۆتۈپ كېتىمىز، لېكىن
ئاستىمىزدا قول پۇلاڭلىتىپ،
قالار دەريالار...

(ئاپتور قورغاس ناھىيەلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم



# شامال تىلسىمى

ئەدھەم ئىبراھىم

مۇھەررىردىن: «لاي قورچاق»، «سۆيگۈ كوچىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى «ئۇچۇرۇلمىغان لەگلەك»، «نان رىشتى» (پەرھات كازىمى بىلەن بىللە) قاتارلىق باللار ھېكايىلىرى توپلىمىنىڭ مۇئەللىپى شائىر ئەدھەم ئىبراھىم ئىلىنىڭ سەھرايى قىشلاقلىرىدەك گۈزەل، لىرىك ھېسلارغا باي، ئاددىي ئەمما چىن، سەمىمىي لىرىكىلىرى بىلەن رايونىمىزدا بەلگىلىك تەسىر [illegible] ئىگە. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچە شېئىرلار توپلاملىرى ۋە «ئۇيغۇر باللار ئەدەبىيات [illegible] ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» قاتارلىق كىتابلاردىن ئورۇن ئالدى. «جۇنۇن» سەرلەۋھەلىك بىر يۈرۈش شېئىرى 2012-يىلى [illegible] نۆۋەتلىك «ئىلى دەرياسى (چولپان) ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بىز ئۇنىڭ يۇقىرىدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە يېقىندا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى سۇندۇق.

**شائىردىن بىر كەلىمە: شېئىر گويا گۈزەل بىر قۇش، ئۇنى تۇتۇۋالاي دېگۈچە ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن ماڭا [illegible] شۇ چاغدىكى تۇيغۇ. ئەنە شۇ تۇيغۇمغا يېقىنلاشقاندا شېئىرمۇ ماڭا يېقىنلىشىدۇ.**

## تام

قەدىم توپا تام
بوۋامدىن قالغان.
مىنىپ يۈرەر ئۇنى ئات قىلىپ
ئەمدى شوخ بالام.

[illegible]ىرىقىنى قۇياش ئۇركۈتكەن،
[illegible]امغۇر ئېرىتكەن،
[illegible] سىلىپ يېتىپ قىشتا قار
[illegible]ازدا شىرىلدىتىپ ئېقىتقان.

توپىسىنى شامال توزۇتقان
بوران يالاپ يىراقلارغا ئۇچۇرغان.
كەۋدىسىنى
ۋاقىت چەۋەندازى يىقىتقان...

بوۋامنى كۆركەن
دادامنىمۇ ھەم.
مەنمۇ بىر تام ئىكەنمەن ئەسلى
بىر سىقىم تۇپراق...

## قارىياغاچ ھەمراھىم

[illegible]ەن قىرى قارىياغاچ
[illegible] تۇرىمەن ساقلاپ
[illegible] ئاچ!...

ئۇرۇق ئىدىڭ، باراقسان بولدۇڭ
چىۋىق ئىدىڭ، كۆچۈككە تولدۇڭ.
ھەۋەسلىنىپ باقسام بويۇڭغا
شاخلىرىڭدا مېنى ئۇرۇۋدۇڭ!

مۇھەببىتىڭ چەكسىزدۇر ئەبەد
بىر دانە ئىدىڭ مىڭ دانە بولدۇڭ.

بېغى قۇرۇغان تاۋۇزمەن قارا
چاقماق سالساڭ چىقىمەن قىزىل.
قاراسلىدىڭ سەنمۇ روھىمدا
شاخلىرىڭدىن ئايرىلغان چېغىڭ!

توساتتىنلا قۇرۇپ كېتىپسەن،

ئەرۋاھىمدىن سورىسام سېنى.
جىسمىمىزلا بىر بولۇپ قالماي،
جېنىمىزمۇ بىر ئىكەن ئەسلى...

«قاراڭغۇدا قارا ياغاچ مېنىڭ سىردىشىم،
يوپۇرمىقى شىلدىرلىسا تۆكۈلەر يېشىم.»
ئىشىكىڭنى ئاچ
كىرىۋالاي ئىچىڭگە ئاداش!...

## ئاپئاق قار لەيلەپ چۈشمەكتە جىمجىت

ئاپئاق قار لەيلەپ چۈشمەكتە جىمجىت،
تۈرىدۇ مۈگدىنىپ لاپاستا قۇشقاچ.
باقىمەن تورۇغان قار كۆللىرىگە،
خىيالىم پەرۋازى ئاسمانغا ئۇچقاچ.

تۈرخۇنلار يۇرقىسا ئاچچىق بىر ھەسرەت،
بىر شېرىن قىچىشار دىلدىكى يارام.
كېلىمەن دەرەخلەر كەبى ئېگىلىپ،
قار ئەمەس، ياسىدۇ يەلكەمنى ھىجران.

ئېتىشىپ ئوينىسا بالىلار قارنى،
تەلمۈرۈپ قارايدۇ ئاھ، باللىقىم!
خىيالىم كىمگىدۇر ئاتقاندا قارنى،
كۆيۈپدە ئوت ئالغان ئىدى يۈرىكىم!

ئاپئاق قار لەيلەپ چۈشمەكتە جىمجىت،
كېلىمەن يىراقتىن كۆڭلۈم پەرىشان.
قارىسام كەينىمگە ئاياق ئىزلىرىم،
كۆمۈلۈپ بارماقتا جىمجىت، ناگاھان.

## چۈش خاتىرىسى

كىرىپ كەلدى ئۆيگە ئالدىراپ،
بارمۇ سەن دەپ رىزۋان چوڭ ئانام.
چۈشلىرىڭدە بىللە يۈرۈپسەن،
ئوغلۇم بىلەن ئاڭلىسام بالام.

قېنى ئېيتقىن گۈزەل چۈشۈڭنى،
يۈرەك يارەم ئامانمۇ ـ ئامان؟
كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتىمۇ،
سۆزلىسەڭچۇ تىلى بال بالام...

بولۇپ قالدى مانا نەچچە ئاي،
نە ئۆزى يوق، نە بىر دېرىكى.
چۈشۈمدىمۇ ئىزدەپ چىقىمەن،
(چوڭ ئانانىڭ ئاقتى يۈرىكى)

رىزۋان ئانام قۇچاقلاپ كەتتى،
زېدە بولغان باغرىغا مەھكەم.
ـ جېنىم بالام، يۈرىكىم بالام،
قىلغىن بىزنى چۈشلىرىڭدە جەم...

## ئۆلۈش ئالدىدىكى ئادەم

خىيالغا پاتقان
كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ باققان.

قېنىۋېلىش ئۈچۈن ھاياتقا
ئۇيقۇسى قاچقان....

ھەمراھىغا دەيدۇ جېكىلەپ
كېپىنىمنى پىچىپ قويۇڭلار.
كۆز يۇمغىنىمدا
بىسەرەمجان بولۇپ قالماڭلار...
دەيدۇ ئۇ يەنە
سۆيۈمگە كىرسۇن قولدىشىم سونۇر،
كىرسە باشقىلار
تېنىم قورۇنمىسۇن!
ھاسامنى بېرىڭلار كەنجى بالامغا
ئۆيىمىزنىڭ چىرىقىن ياقسۇن!...

بۆلۈپ بېرەي بىساتلىرىمنى
مىراس داۋاسى
كەدىنىمگە مىنىپ قالمىسۇن!
تىنچىقىنا ياتاي قەبرەمدە،
قەرز مېنى قوغلاپ يۈرمىسۇن!

ئېھ، ھايات!
باللىرىمغا باققىن مېھرىلىك،
تىلىكىم بۇ ئاداققى...

## قىسمەت

ئۇ ئېتىزدا ئىشلەۋاتاتتى
سول كۆكرىكى سانجىلاتتى.
كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن
چىشىنى چىشلەپ تىرىكەن سالاتتى.
ئائىلەم دەپ
باللىرىم دەپ
قاتتىق يەرگە كەتمەن چاپاتتى.
بۇ شورتاڭ تۇپراق
بىر ئائىلىنى باقاتتى.

تەرلەپ، پىشىپ ئىشلەۋاتقاندا

ئوماققىنا بىر قاشقا ئوغلاق
پەيدا بولدى ئۇنىڭ ئالدىدا.
چاقناپ كەتتى كۆزلىرى
بۇ شەيتاننىڭ جان تامايىدا...
ئېتىلغاندا قاشقا ئوغلاققا
ئاھ، سانجىلىپ كۆكرەك قەپىسى
تىنىپ قالدى يېقىپ ئاسمانغا...

يۈرەك كېسىلىگە
قاشقا ئوغلاق بېرەتتى شىپا...

## كونا ئۆي

كونا ئۆيدە بار
باللىقنىڭ خۇشپۇراقلىرى،
قېرىنداشلارنىڭ
مۇھەببەتلىك قۇچاقلاشلىرى.
تاملىرىدا تۇرىدۇ چاقناپ
ئۇلۇغلارنىڭ سىيماسى.

چوڭ ئۆي
بىر پاشالىق باغقا ئوخشايدۇ.
شاماللىرى شوق، ئەركە، چېچەن،
كېپىنەكلىرى

كۆللەر ئارا ئۈچۈپ ئوينايدۇ.
چەشمە سۇلىرى
قۇچاقلىشار چىمەنلەر بىلەن...

چوڭ ئۆي
باللارنىڭ ئىسسىق ۋەتىنى
مۇھەببەتنىڭ خۇشپۇراق كۆلى.

سېتىلمىسۇن كونا ئۆيىمىز
ئېچىلمىسۇن يۈرەكتىن يوچۇق
چېقىلمىسۇن كونا ئۆيىمىز

بوپقالمىسۇن مېھرىمىز يۈچۈق.

ئانىلارنىڭ گۈل جامالىنى
ئاتىلارنىڭ نۇر سىيماسىنى
گۈزەل، تاتلىق ئەسلىمىلەرنى
بالىلىقنىڭ خۇش ھىدلىرىنى

ئۆيگە قوشۇپ سېتىۋەتمەيلى.
كىرىپ تاتلىق ھەۋەس كەينىگە
دىلدىن يوچۇق ئېچىۋەتمەيلى.
ئارمان قىلىپ داچا، سارايىنى
ئەسلىمىزدىن كېچىۋەتمەيلى!...

## شاماللار تىلسىمى

شاماللارنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق،
ئۈسسىمايدۇ، ئېچىرقىمايدۇ.
گۈل چېچەكلىك باغلارغا كىرسە،
قاناتلىرى ئىپار پۇرايدۇ.

دەرەخلەرگە چاپلاشقان،
شاماللارنىڭ ئەرۋاھى.
جىمىرلايدۇ ياپراقلار،
دەرەخلەردە ئەسەبىي.

شاماللارنىڭ ئوي - خىيالى يوق،
سىزىماققا رەڭ - چىرايى يوق.
سۈر - ھەيۋىسى دەرەختە ئۈنىڭ،
تۇتۇۋالساڭ قولۇڭ قۇيقۇرۇق.

يىغلىمايدۇ، كۈلمەيدۇ شامال،
يەرگە تەرسەڭ ئۈنمەيدۇ شامال.
مىنىۋالاي دېسەڭ ئات قىلىپ،
بوران بولۇپ كىشنەيدۇ شامال.

ئىشتىنىنى سىيلىۋېتىدۇ،
ياز كېچىسى بەگباش شاماللار.
كۆك چىمەنلەرگە قېنىۋالىدۇ،
ھېسسىياتچان يېشىل پاقىلار.

شاماللارنىڭ تىلى پەك يۇمشاق،
يۈزلىرىڭنى يالاپ ئۆتىدۇ.
مۇھەببەتلىك يارماقلىرىدا،
چاچلىرىڭنى تاراپ ئۆتىدۇ.

قۇشلار كەبى ئەركە شاماللار،
چۇرۇلدىشىپ كېلىدۇ ئۇچۇپ.
قايرىپ ئويناپ ئېتەكلىرىڭنى،
بالىلارچە قىلىدۇ شوخلۇق.

ئەركىلەيدۇ شامال نازلىنىپ،
ئىپار پۇراق باغلارغا كىرسەڭ.
شەيتاندەكلا يېنىڭدا ئۇ يوق،
كەل جېنىم دەپ، قۇچاقنى كەرسەڭ.

تەبىئىتى قۇرغاق كېلىدۇ،
قۇرۇتىمەن ھەممىنى دەيدۇ.
ئوت ئوينايدۇ قاناتلىرىدا،
ئېرىقلاردا ئۇخلاپ قالسا سۇ.

شامال سۇدىن يەر تالىشىدۇ،
شامال يەرنى قۇرۇق يۇيىدۇ.
يەر بەدىنى نەملىشىپ كەتسە،
شاماللارنىڭ كۆڭلى ئۆلىدۇ.

چىقىشمايدۇ شامال سۇ بىلەن،
سۇغا سالماس شۇڭا تېنىنى.
شەيتان ئاتلاپ قالسا كېچىدە،
سۇدىن چارە بىلەر تويىنى.

يەيلى يامان بەگباش بالىدەك،
ئوت ئايرىيدۇ كېچىدە شامال.
شامال ھالاھ بىلگەچكە ئوتنى،
ئوت كېچىدىن ئىزدەيدۇ ۋىسال.

شۇنچە مەغرۇر يۈرسىمۇ شامال ،
باغچىلاشقا يۇرت ـ ماكانى يوق .
ئىزدىگىنى نېمىكىن ئۇنىڭ ،
جاھان كېزىدۇ مۇساپىر بولۇپ .

يىراقلاردىن كېلىدۇ ھارغىن ،
چىرايىدىن توپا توزۇتۇپ .
تۆتۈپ كەتسە ئەگەر جىلىسى ،
پىرقىرايدۇ قۇيۇن تاز بولۇپ .

مەيدىسىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ ،
شامالارنىڭ ئاق ساقاللىرى .
دەرەخلەرگە چىگىلىپ قاپتۇ ،
چىگىش ـ چىگىش پاخما چاچلىرى .

بولۇپ قالسا ناۋادا بىر كۈن ،
شامالارنىڭ ۋەتىنى دەرەخ .
كۆكلەپ چىقسا نە ئارمان بىر كۈن ،
دەرەخلەردىن يېشىل مۇھەببەت .

(ئاپتور چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدا)

# كونا شەھەرنىڭ يېڭى شائىرى

ئەراپات ئابدۇرۇسۇل

شېئىرغا كىرگىنىمدە ، ئەدىبەم ئىبراھىم ماڭا ئەڭ تونۇش تۇيغۇلار بىلەن پىچىرلىيالايدىغان ئاي يارقىن شائىر بولۇپ تۇيۇلدى ، بۇ بىزنىڭ بىر ماكان چەمبىرىدە ياكى بىر زاماندا دەپتىرىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن ئەمەس ، مەن كۆزلەۋاتقان تەبىئەتلىك مەنزىرە ۋە مەن ئىزدەۋاتقان سەنئەتلىك مۆجىزىلەرنىڭ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىمكان تاپقانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىدراكىي ئېتىراپتىن ئىبارەت .

ئۇ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتكە بولغان شەيدالىق ۋە يېڭىچە شېئىرىيەتكە بولغان تەشنالىق بىلەن ، شەھەرچە ئىختىراسىنى سەھراچە ئىپادىگە بېغىشلىغان ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى توپا ، تام ، لاپاس ، تۇرخۇن ، تىركەن ، باغ ، شامال قاتارلىق قويۇق سەھرا تۈسىگە باي شېئىرىي جەۋھەرلەر بىزنى تەبىئەتنىڭ گىرىمسىز قۇچىقىغا چىللايدۇ ، ئۇ ئۆزى كۆرۈۋاتقان كوچىۇم مەھەللە ، ياپيېشىل ئېتىز ، جاپالىق دېھقان تۇرمۇشى ، قايناق يېزا ھاياتىنى ئىپادە ئوبيېكتىگە مايىل شېئىرىي ئىماگ ۋە زاغرا تىل بىلەن ئۆزىگە خاس تەلەپپۇزدا ئاشكارىلايدۇ ، بۇ خىل ئاشكارىلاش جەريانىغا گاھىدا ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ۋە خەلقچىللىق ئىدىيەسى يوشۇرۇنىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ، شائىرنى سەھرا ئەدەبىياتىدىكى سەركە شائىرلارنىڭ بىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ .

بوۋامنى كۆرگەن
دادامنىمۇ ھەم .
مەنمۇ بىر تام ئىككەنمەن ئەسلى
بىر سىقىم تۇپراق . . .

ئۇدۇل كۆرۈنۈش: بوۋىلار سوققان توپا تامنىڭ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇپراپ بېرىشى ،
ياندىن كۆرۈنۈش: قىممەتلىك ئەنئەنىلەرنىڭ زامان توزغاقلىرى تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقى
كەينىدىن كۆرۈنۈش: ھەممىمىزنىڭ ئاقىۋەت توپىغا ئايلىنىدىغانلىقىدەك سوغۇق چىنلىق
«تام» سەرلەۋھەسىدىكى بۇ شېئىر بايانلاش ، ۋاستە ، تىل جەھەتلەردىن شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئالاھىدىلىكىنى بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . شائىر كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ ئۈچ خىل كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ، قەلەم تەۋرىتىدۇ .
شائىر يەنە باللار شائىرى بولۇشتەك شەرەپلىك يۈكنى ئۈستىگە ئالغاچقا ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى شېئىرلىرىدا باللار شېئىرلىرىغا ۋە خەلق قوشاقلىرىغا

uyghurkitap.com



خاس ساددا، چۈچۈك تىل ئامىللىرى؛ باللار شېئىرلىرىدا چوڭلارنىڭكىدەك چوڭقۇر پىكىر ۋە ھېكمەتلىك چۈقانلار ئاڭلىنىپ تۇرۇشتەك ئۆتۈشمە ئالاھىدىلىك مەۋجۇت، ئېيتىمىسمۇ، شېئىرنىڭ چېگراسى يوق، ئۇ ھەممىمىزنى پاسىلسىز تۈيغۇ ئالەمگە چاقىرىدۇ، «قارىياغاچ ھەمراھىم» دېگەن شېئىردىكى:

بىر دانە ئىدىڭ مىڭ دانە بولدۇڭ.
. . .
ئىشىكىڭنى ئاچ
كىرىۋالاي ئىچىڭگە ئاداش! . .

قاتارلىق مىسرالار خەلق ئىچىدىكى «بىر دانە ئەردىم، مىڭ دانە بولدۇم»، «يېرىلىك تاشىم» قاتارلىق كىلاسسىك شېئىرىي ئىبارىلەرنى ۋە بالىلىق نىدالىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ، بۇ شېئىر تەبىئەتكە بولغان ئىپتىدائىي مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىغا بولغان ئىنتىھايى سۆكۈتنىڭ پارتىلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن.

«ئاپئاق قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە جىمجىت» دېگەن شېئىرغا مۆكۈنگەن مەنزىرە ئېخمۇ تاتلىق ئەسلىمە ۋە شېرىنلىككە تويۇنغان، قار ئۇچقۇنلىرى باللىق چۈشلىرى ۋە ياشلىقتىكى مۇھەببەت كەچمىشلىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ، «چۈش خاتىرىسى»دىكى ھېسسىيات چىن ۋە قايغۇلۇق بولۇپ، بالىسىدىن ئايرىلغان ئانىنىڭ بۇقۇلداپ تۇرغان ئازابلىق ئىلتىجاسى ئاڭلىنىدۇ، ئانا ئۆز روھىدىكى «قوچاقلا ئۇ، سىنىڭ بالاڭ» دېگەن ئانىلىق پەريادىنى شائىرغا بايان قىلىدۇ، شائىر بۇنى ئۆز پېتى خاتىرىلەيدۇ، بۇ ئىككى شېئىر تۆتلۈك شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، قاپىيە ۋە شەكىلنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن كۆرە، ھېسسىياتنىڭ ئىستىروللۇق ئۆزگىرىشىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن، شېئىرنىڭ يەتمەكچى بولغان پەللىسىمۇ شۇ بولۇپ، بىزنىڭ يىراقلاپ كەتكەن ئەسلىمىلىرىمىزنى يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا ئېيتىمىزكى، «شېئىر قولدىن كەتكەن ۋە جەزمەن ئېرىشىدىغان نەرسىلىرىمىزدىن بېشارەت بېرىدۇ» (ئادىل تۇنىياز).

شائىر قايناق يېزا قوچىقىدا ياشاۋاتقان شۇ پەيتلىرىدە، ئەتراپىدىكى بارلىق شەيئىلەردىن شېئىر ئىزدەيدۇ، چەكسىز ئېگىزلاردىن، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغىچە؛ ئارامبەخش باغلاردىكى دۇتار ئاۋازىدىن، مەھەللىدىكى يىغا ئاۋازىغىچە بولغان زىددىيەتلىك ھايات دولقۇنى شائىرنىڭ تۈگمەس ئىلھام مەنبەسىگە ئايلانغان، شائىر قوشنىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى مىنۇتلىرىغا شاھىت بولۇپ، مۇنداق يازىدۇ:

ئېھ، ھايات!
باللىرىمغا باققىن مېھرىلىك،
تىلىكىم بۇ ئاداققى . . .

بىر جۈملە بىلەن ئېيتقاندا، «ئۆلۈم ئالدىدىكى ئادەم» دېگەن شېئىر ئاتىغا بېغىشلانغان مەدھىيە ناخشىسىدىن ئىبارەت، سەكراتتىكى ئاتىنىڭ ھاياتقا بولغان قانماس مۇھەببىتى، ھەمراھىغا بولغان قىيماسلىق ھېسسىياتى ۋە باللىرىغا بولغان ئارزۇ تىلىكى يەڭگىل تىل ۋە ئەركىن قۇرۇلما ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، مىراس كۆرىشى ۋە قەرزدارلىق دەۋاسىدەك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرمۇ يارقىن سۈرەتلەنگەن، شېئىردىكى مەركىزى نۇقتا ئاتىنىڭ بالىغا بولغان چىن مۇھەببىتى بولۇپ، بۇنى شېئىرنىڭ يۇقىرىقى تۈگەللىمىسىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

«قىسمەت» ناملىق شېئىردىكى:

تەرلەپ، پىشىپ ئىشلەۋاتقاندا
ئوماققىنا بىر قاشقا ئوغلاق
پەيدا بولدى ئۇنىڭ ئالدىدا.
چاقناپ كەتتى كۆزلىرى
بۇ شەيتاننىڭ جان تامايدا . .
ئېتىلغاندا قاشقا ئوغلاققا
ئاھ، سانجىلىپ كۆكرەك قەپىسى
تىنىپ قالدى بېقىپ ئاسمانغا . . .

يۈرەك كېسىلىگە
قاشقا ئوغلاق بېرەتتى شىپا . . .

دېگەن مەنزىرە شۇ قەدەر چىن ۋە تەبىئىي تەسۋىرلەنگەن، ساختا ھېسسىيات ئارىلاشتۇرۇلمىغان، «قاشقا ئوغلاق»نىڭ كېسەلگە شىپا بولۇشىدەك ئەل ئىچى رېتسىپىمۇ ماھىرلىق

بىلەن شېئىرغا سىڭدۈرۈلگەن، بۇ شېئىرمۇ چىن مەنىسىدىن ئاتا قەسىدىسى بولۇپ، بىر قارىماققا، «ئۆلۈم ئالدىدىكى ئادەم»نىڭ سەكراتتىقا چۈشۈش سەۋەبىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئىككى شېئىر لىرىك، ئېپىك ئامىللارنىڭ ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق ھايات ھەلەكچىلىكىدە گەجگىسى قاتقان جاپاكەش دېھقان ئاتىغا ئاتالغان تەھسىن ناخشىسىدەك قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلايدۇ.

«كونا ئۆي» ناملىق شېئىردا شائىرنىڭ «بالىلار شائىرى»لىق سالاھىيتى تولۇق نامايان بولغان. شائىر ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا، مومىسىغا چۈرقىراپ بېرىۋاتقان نەۋرە ئوبرازىدا، بىزنى زامانىۋى ئاڭ ۋە تەرەققىيات تېزلىكى تۈپەيلىدىن، يىمىرىلىپ بېرىۋاتقان يىلتىزىمىز، سۇسلاپ بېرىۋاتقان سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىز، ئۇنتۇلۇۋاتقان ئۆزلۈكىمىز قاتارلىق مەنىۋى بۆھرانلار ھەققىدە ئەلەملىك ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ. «چوڭ ئۆي»دىن ئىبارەت مۇھەببەت قورغىنىغا چىللاش ئارقىلىق، خەلق، ۋەتەن بىرلىكىنىڭ مۇقەددەس كۈچىنى جاكارلايدۇ.

سېتىلمىسۇن كونا ئۆيىمىز
ئېچىلمىسۇن يۈرەكتىن يوچۇق.
چېقىلمىسۇن كونا ئۆيىمىز
بوپقالمىسۇن مېھرىمىز پۇچۇق.

گەرچە بۇ شېئىرنىڭ تىلى ساددا، بايانى ئەركىن، پىكرى ئېنىق بولسىمۇ، ئوقۇرمەننى شېئىرغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ۋە پىنھان ئۆكسۈشكە ئۈندەيدۇ، شېئىرنىڭ شېئىرخاندىن كۈتىدىغىنى دەل شۇ خىل چۆكۈش ۋە ئۆكسۈشتۇر.

«شامالالار تىلسىمى»دىمۇ شائىر بالىلىق خىياللىرىنى بولۇشىچە ئىشقا سالىدۇ، شائىرنىڭ «مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان بالا» بولۇشى روھىدىكى سەبىيلىك ساقىندىلىرى ۋە غۇبارسىز تۇيغۇلارنىڭ ھامان يانغىنىغا ئايلىنالايدىغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. «پەيلى يامان بەگباش بالىدەك، ئوت ئايرىيدۇ كېچىدە شامال. شامال ئىلاھ بىلگەچكە ئوتنى، ئوت ئىچىدىن ئىزدەيدۇ ۋىسال» دېگەن مىسرالارغا كەلگەندە، شامال ھەققىدىكى ئويلىرىمىز چوڭقۇرلىشىدۇ، شائىر سۇ، ئوت، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت ھاياتلىق يولتۇزلىرىغا ھارماي تەھسىن ئوقۇيدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، شامال ئوتنى، سۇ تۇپىنى يەم قىلارمىش، كىچىكىمىزدە دەيدىغان «قۇيۇنتازدا قالغان ئادەم ساراڭ بولىدۇ» دېگەن سەبىي پەتۋارىمىزمۇ شېئىردىن جىلۋە ئىزدەپ تۇرۇپتۇ. «كۆكلەپ چىقسا نە ئارمان بىر كۈن، دەرەخلەردىن يېشىل مۇھەببەت» دېگەن تۇگەللىمىدە، شامالغا ئەگەشكەن خىياللىرىمىز يەنىلا ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر ئاتالمىسى بولغان يېشىللىقنى ماكان ئېتىدۇ. تۇنجى شېئىرنى «يېشىللىق» خىتابى دەپ باشلىغان شائىر يەنىلا يېشىللىق دەپ نىدا قىلىدۇ، بۇ خىل تاللاش شائىرنىڭ «سۆيگۈ كوچىسى» دېگەن توپلىمىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان بولۇپ، مەلۇم مەنىدە، شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھېچكىم شېئىرنى شېئىر ئۆزىدەك شەرھلىيەلمەيدۇ، بىز پەقەت ئۇنىڭ بىز ئېھتىياجلىق نەرسىلەردىن بەرگەن شەپىسى ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىمىز، ئۇ نەرسە نېمە؟ بۇنى ھەر بىر ئوقۇرمەن ئۆزى بېكىتىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شېئىردا قىلچە ئەيىب يوق، گەپ شائىرنىڭ شېئىرنى قانچىلىك ئەيىبسىزلەندۈرەلىشىدە! مەن شائىرنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى تېخىمۇ رازى قىلىشى ئۈچۈن، شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى چۇۋالچاقلىق، تىلىدىكى ساددىلىق، پىكرىدىكى تېيىزلىق، ئىپادىلەشتىكى ئاددىيلىقتەك مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەلىشىر نەۋايى «مەجالىسۇن-نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزبېگە چاغداش ئەدھەم ئىبراھىم ئىسىملىك بىر تۈركمەن شائىرىنى «خۇشتەبئ ۋە زەرافەتلىك» (تالانتلىق ۋە دانىشمەن) دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. قەدىمىي قايىنۇقنىڭ بۇ ئەركە شائىر چاغداشلىرى تەرىپىدىن ئۇشبۇ سۈپەتكە نائىل بولالامدۇ يوق، بۇ يەنىلا شائىرنىڭ شېئىرنى ئەيىبسىزلەندۈرۈش سەپىرىدىكى بېغىشلاش روھىغا باغلىق.

(ئاپتور چاپچال ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

www.uyghurkitap.com



# مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ فرونتىدا

غالىب بارات ئەرك

1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولغان جىن شۇرېن (1879 ـ 1941)، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە سىياسەتچىلەر ۋە ئارمىيە ھەمكارلىقىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئاغدۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشتە توپىلاڭدىن توغاچ ئۆغرىلىغان شېڭ شىسەي (1897 ـ 1970) 1930 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن ھەمدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش داۋامىدا، 1932 ـ يىلى «شەرقىي يول باندىت يوقىتىش قوماندانى» بولۇپ ئەسكىرىي ھوقۇققا ئېرىشتى. سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە شېڭ شىسەي ئارمىيەسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھرىگە 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆلانبايدا ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ پۇرسەت كۈتكەن. سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ 3 ـ كۈنى، شەرقىي شىمال پىدائىي ئارمىيەسى ۋە ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن ئارمىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن[1] شەرقىي شىماللىق (لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەنلىك) شېڭ شىسەي، قوراللىق ئارمىيەسى بىلەن شۇ كۈنى ئېچىلغان يىغىن مەيدانىنى قورشاپ بېسىم پەيدا قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ «دۇبەن» بولدى. شۇندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەر قانداق ئىشى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، «شىنجاڭ پادىشاھى»غا ئايلاندى. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە ئاز كەم 11 يېرىم يىل داۋام قىلدى. دەسلەپتە خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 10 ماددىلىق سىياسىي پىروگراممىسىنى يولغا قويدى. شېڭ شىسەي ئەمدىلا ھوقۇق ئىگىلىگەن چاغدا شىمالىي شىنجاڭدا جاڭ پېييۈەن ئارمىيەسى خىرىس قىلىپ تۇرغىنىدىن باشقا، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار، ما جۇڭيىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي ئاران قولغا كەلتۈرگەن ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا، ئۆزىگە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلەيدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى يۆلەنچۈك قىلىپ تاللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىۋاتقان ئىدى، چۈنكى ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن پايدىسىز بىر ھەرىكەت ياكى ھاكىمىيەت بولۇشىدىن خەۋپسىرەيتتى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش ھېسابىغا ئەمىنلىك ھەم مەنپەئەتكە ئىگە بولدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ئايروپىلان ۋە تانكا قاتارلىق زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، شېڭ شىسەيگە بويسۇنمىغان ۋە ئىسيان قىلغانلارنى يوقاتتى. خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭىنى سۈلھى بىلەن باش ئەگدۈردى. جاڭ پېييۈەن قىسمىمۇ مەلۇم

[1] گۇاڭ لۇ ئەسلىمىسىدە شېڭ شىسەينىڭ ئاق ئورۇسلار (归化族) قوشۇنىنى قورال، ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلىگەن، دەيدۇ.

جەريانلاردىن كېيىن يوقالدى. نەتىجىدە شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، شەكلەن جۇڭخۇا مىنگوغا تەۋە بولغان شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇ 1933 ـ يىلىدىن تاكى شىنجاڭدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىلغان 1943 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا شىنجاڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىدى، مەلۇم قۇرۇلۇشلارنى قىلدى، بايلىقلارنى قېزىپ دۆلىتىگە توشۇدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى بىلەن شىنجاڭ خەلقى مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىقتىساد جەھەتلەردە مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغان فاشىستىك ھاكىمىيىتىدە زور تالاپەتكىمۇ دۇچار بولدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى مۆلچەرلىگۈسىز ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتلەرگە ئېرىشتى. شىڭ شىسەي ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، بايلىقى، مەنىۋىيىتىنى نابۇت قىلدى. ئالايلۇق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بايلارنى تۇتۇپ مالۇمۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىپ بىر قىسمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قەرز تۆلىدى. بۇنىڭغا قەشقەردىكى ئۆمەرباي جەمەتىنىڭ 200 يىلدىن بېرى جۇغلىغان بايلىقىنى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۆمەر باينى 1937 ـ يىلى ھەپسىگە ئېلىپ پۈتۈن بايلىقىنى مۇسادىرە قىلغانلىقى ھەمدە ئۆمەربايىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى؛ قەشقەردىكى چوڭ زەردارلاردىن بىرى بولغان ھاكىم ھاجىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ 60 ساندۇقتىكى ئالتۇن جاۋاھىراتلىرىنى مۇسادىرە قىلغانلىقىنى؛ ئۈرۈمچىدىكى ھۈسەيىن باي بىر ئادەمدىنلا قولغا ئېلىنغاندا مۇسادىرە قىلىنغان ئالتۇن بايلىقىنىڭ 55 مىڭ سەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش كۇپايە. شىنجاڭدىكى ئالتۇن كانلاردىن قېزىلغان ئالتۇنلار ھۆكۈمەت ھېسابىغا كىرگۈزۈلمىگەن، 11 يېرىم يىلدا خىيانەت قىلىنغان ئالتۇنى كەم دېگەندىمۇ 600 مىڭ سەردىن كەم ئەمەس[2]. شىڭ شىسەي چوڭچىڭغا يۆتكەلگەندە جۇڭخۇا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە 55 مىڭ سەر ئالتۇن تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پاكلىقى ۋە خىيانەتسىزلىكىنى كۆرسەتكەن[3]. جياڭ جيېشىغا ئالتۇندىن ياسالغان ئات ۋە شەمشەردىن بىردىن تەقدىم قىلىپ ساداقىتىنى بىلدۈرگەن، شۇڭا 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېچىلغان گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ 16 ـ سانلىق يىغىنىدا مەسئۇد سەبرى (1886 ـ 1952) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىڭ شىسەينى جازالاش[4] تەلەپلىرىگە قارىتا، جياڭ جيېشى ئۇنىڭ شىنجاڭنى دۆلەتكە، پارتىيەگە قايتۇرۇپ تۆھپە قوشقانلىقىنى جاكارلاپ، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قانات ئاستىغا ئالغان[5]. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا ھەر مىللەتتىن بولغان 80 مىڭدىن 200 مىڭغىچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىمۇ شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلگەن تۆھپىسى ئالدىدا چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە[6].

سوۋېت كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ ئەزاسى،

---

[2] جاۋ تىڭ: «جاۋ جيەنفېڭنىڭ شىنجاڭدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىدىن خاتىرە»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى 2013 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 154 ـ بەت.

[3] جۇ پېيمىن: «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب تارىخى (1933 ـ 1957)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 190 ـ بەت.

[4] 1953 ـ يىلى شىنجاڭلىق شىبە گۇاڭ لۇ قاتارلىق 15 كىشى جياڭ جيېشىغا شىڭ شىسەينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا ئېچىلغان گومىنداڭنىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى 2 ـ سانلىق يىغىنىدا شۇ قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى بولغان گۇاڭ لۇ، ئەبەيدۇللا قاتارلىق 114 كىشى قۇرۇلتايغا، شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى جىنايىتى پاش قىلىپ نامە تاپشۇرغان.

[5] جاۋ تىڭ: «جاۋ جيەنفېڭنىڭ شىنجاڭدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىدىن خاتىرە»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى 2013 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 160 ـ، 161 ـ 181 ـ بەتلەر.

[6] ئەرشىدىن تاتلىق: «تەسادىپىي قولغا چۈشۈپ قالغان دوكلات كوپىيەسى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (35)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 188 ـ ~190 ـ بەتلەر. مۇشۇ ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، گومىنداڭنىڭ مەخپىي تەكشۈرۈش ھەيئىتى شىڭ شىسەينىڭ قورالى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ 127000 ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەر تۈرمىلىرىدە ئۆلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com



شۇنداقلا «شىنجاڭنىڭ پادىشاھى» شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، گېرمانىيەنىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەيدۇ، 1942 - يىلى 2 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى موسكۋا گېرمانىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىدۇ، مۇشۇ ۋەزىيەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىلىدۇ دەپ قارىغان شېڭ شىسەي، ئەزەلدىن ئۆزىنى قوللاپ، كونترول قىلىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭغا مايىللىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. جياڭ جيېشى 1942 - يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ... قاتارلىق بىر تۈركۈم دۆلەت ئەربابلىرىنى ئىبەرتىپ، شېڭ شىسەينىڭ بويسۇنۇش شەرتلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىدۇ. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى شەرھلىگەن. بۇ ۋاقىتتا جياڭ جيېشى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇشاۋىرى خې يىڭچىن، مۇشاۋىرلار مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ چيەن، سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى جاڭ جىجوڭ ... قاتارلىقلارغا «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش تەدبىرى»نى تۈزۈشكە بۇيرۇغان. 8 - ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ خانىمى سوڭ مېيلىڭ ئۆمەك باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان. كۆپ تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىگە قوشۇلۇشى مۇقىملاشقان. 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكومى رەسمىي قۇرۇلۇپ شېڭ شىسەي باشلىقى بولغان، شۇندىن باشلاپ شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ پارتكومى ۋە ھەر خىل ھاكىمىيەتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى 1944 - يىلى باھاردا شېڭ شىسەينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇشىنى ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. شېڭ شىسەي گەرچە قارشىلىق قىلىش ئىپادىسىدە بولمىسىمۇ، ئالتايدىكى

خەلق قوزغىلىڭىنى باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا 11 يىل تۇرغانلىقىنى، بۇ ئىشلارنى بېسىقتۇرۇشتا مول تەجرىبىسى بارلىقىنى ئېيتىپ كەينىگە سوزغان. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي قوماندانلىقىدىكى ئارمىيەنىڭ كۆپ قىسمى ئالتايدىكى خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا يۆتكەلگەن بولغاچقا ئۈرۈمچىدە پەقەت بىر ئالاھىدە پولكى قالغان، بۇ پولكنىڭ بىر باتالىيونى ماناستا، بىر باتالىيونى ئۈرۈمچىدە، بىر باتالىيونى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى 8 - پولكنىڭ قومۇلدا[7] ئىكەنلىكىنى باھانە قىلغان گومىنداڭ، 1943 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىڭشىڭشياغا كۆپلەپ ئەسكەر توپلىغان. جياڭ جيېشى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 8 - ئۇرۇش رايونىغا تەۋە قىلىپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى رايونىدا 29 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىنى تەشكىللەپ، شىنجاڭغا كىرىپ ھاكىمىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەييارلانغان. 1943 - يىلى 9 - ئايدا 29 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە ۋۇۋېيدا رەسمىي قۇرۇلۇپ خۇ زوڭنەن گۇرۇھىدىكى گېنېرال لېيتنانت لى تيېجۈن باش قوماندان بولغان. بۇ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە 5 دىۋىزىيەدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ 40 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئەسكىرى كۈچكە ئىگە ئىدى. زامانىۋى، ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان بۇ قوشۇننىڭ ئوفىتسېرلىرىمۇ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ياكى مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ھەربىي تەلىم ئالغان كىشىلەر ئىدى، بۇ ئەسكەرلەر گەرچە يېڭى ئەسكەرلەر دېيىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە خۇ زوڭنەننىڭ ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئەسكەرلىرى ئىدى. دەسلەپ ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەي ئارمىيەسىگە تولۇقلىنىدىغانلىقى، ئوفىتسېرلارنى ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىكنى شېڭ شىسەي بەلگىلەيدىغانلىقى ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ ئۇلارنى يۆتكەشكىمۇ

---

[7] سوۋېت قىزىل ئامىيەسى قۇمۇلدا ئايروپىلان زاپچاسلىرى زاۋۇتى قۇرغانلىقى تاشقى كۆرۈنۈش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شىڭشىڭشيا يولىنى توسۇپ ياتقان ئىدى، شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىسى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان، ئۇلارنىڭ قايتقان ۋاقتى 1943- يىلى بولۇپ ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى قازاق خەلقىنىڭ قوزغىلاڭى ۋاقتىغا توغرا كەلگەن.

ھوقۇقى بولمىغان. شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ تەدبىرىنى سەزگەندە كۆپ كېچىككەن، ئەسكىرىي كۈچى 29 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەدىن كۆپ ئاجىز ئىدى. جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي قوماندانلىق ئىشتابىغا ئادەم كىرگۈزۈپ ۋە كونترول قىلىپ، شېڭ شىسەي ئارمىيەسىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاخىرى بىر پاي ئوقمۇ ئاتماي، شىنجاڭنى 11 يىل سورىغان بۇ پادىشاھنى ئاغدۇرغان. شېڭ شىسەي دەۋرىدە شىنجاڭدا تۇرغان جاڭ داجۈن قاتارلىقلارنىڭ يېزىشىچە، 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ئايروپىلان بىلەن 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ قاتارلىقلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە چوڭچىڭغا كەتكەن، شۇ ۋاقىتتا ئۆزى ئېلىپ ماڭغان قىممەتلىك بۇيۇملار 80 ساندۇقتىن ئوشۇق بولغان. 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلىرى 70 نەچچە يۈك ماشىنىسىغا قالغان بايلىقلارنى يۈكلەپ ئېلىپ كەتكەن. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شېڭ شىسەينىڭ خىيانىتى نەچچە ئون مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا، «قاراقچى شېڭ شىسەي پاكلىقنى سۆزلەيدۇ، مۈلۈكىنى 80 ماشىنىدا توشۇپ بولالمايدۇ، بايلىقنى توشۇغان ئۈچ ئايروپىلان بۇنىڭغا ھېساب ئەمەس، ئىككى مىڭ تۆگە كەينىدىن توشۇيدۇ پەۋەس» دېگەن قوشاق تارقالغان. 29 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ يېڭىدىن تۈزۈلگەن 45 ـ دىۋىزىيەسى ۋە 191 ـ دىۋىزىيەنىڭ بىردىن پولكى ئاۋانگارت قىسىم بولۇپ شىنجاڭغا كىرگەن. بۇلاردىن ئىلىغا ئورۇنلاشقان 7 ـ دىۋىزىيە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ پۈتۈن دىۋىزىيە يوقىتىلغان، دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال مايور دۇ دېفۇ ئۆلگەن، دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال مايور لى يۈشياڭ ئەسىرگە چۈشكەن. جىڭ ـ شىخۇ ئۇرۇش لىنىيەسىگە ھەمدەمگە بارغان 45 ـ دىۋىزىيەمۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، يېڭىدىن دىۋىزىيە قوماندانى بولغان گېنېرال مايور گو چى ئەسىرگە چۈشكەن. 45 ـ دىۋىزىيەنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن 191 ـ دىۋىزىيەنىڭ بىر قىسىم قوشۇنلىرى يېڭىدىن تۈزۈلگەن 46 ـ دىۋىزىيە بىلەن بىرلىكتە ماناس دەرياسى بويىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىدىن مۇداپىئە كۆرگەن. ئەسلىدە قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىق 58 ـ دىۋىزىيە دەپ نام بېرىلگەن قوشۇنمۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ ئۈرۈمچىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە لەنجۇدىكى 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، چىڭخەيدە تۇرۇشلۇق 5 ـ كورپۇسنىڭ ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيەسى ۋە ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن يەنە بىر ئاتلىق دىۋىزىيە تېزلىكتە شىنجاڭغا كىرگەن. 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بارلىق ئارمىيەنىڭ باشقۇرۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلۇپ تاۋ شىيۆنى باش قوماندانلىققا تەيىنلىگەن ھەمدە 29 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 2 ـ كورپۇسنى قۇتۇبىغا، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 45 ـ دىۋىزىيەنى ئۈرۈمچىگە، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 46 ـ دىۋىزىيەنى قۇمۇلغا، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 58 ـ دىۋىزىيەنى ماناسقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا چىڭخەيدىن كىرگەن ئاتلىق 5 ـ كورپۇس[8] بىلەن

[8] چىڭخەيدىكى 5 ـ كورپۇس ئەسلىدە چىڭخەيدىكى خۇيزۇ مىللىتارىس ما بۇچىڭ(1977 ـ يىلى تەيۋەندە ئۆلگەن)نىڭ قىسمى بولۇپ خېشى رايونىدا تۇرغان ما جەمەتى ئارمىيەسى بولسىمۇ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. قوشۇندىكى ئەسكەرلەر چىڭخەي، گەنسۇ رايونىدىكى خۇيزۇ، دوڭشياڭ، سالا قاتارلىق مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان. ئىزۋوتتىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلاردىن، ھەربىي ئۇنۋانلىق ئاخۇنلىرى بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئېلىخان تۆرە رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتا ما بۇفاڭ (1975 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆلگەن)غا بىرلىشىپ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش توغرىلىق خەت يازغان (كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىنىپ يېزىلغان دېگەن قاراش بار)، بۇ خەتنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ئابدۇكېرىم ئابباسوف سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە خەتنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ما بۇفاڭ قىسمىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىگە ئالاھىدە سەزگۈر بولغان. ئاتلىق 5 ـ كورپۇس (10 مىڭ كىشى) شىنجاڭغا كىرگەندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۇرۇش توختىتىپ تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بارغان ئىدى، بۇ قىسىم 1947 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ سىرتقا نىسبەتەن ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيە دەپ ئاتالغان ، لېكىن ئىچكى جەھەتتە بۇرۇنقى نامنى قوللانغان. ئاقسۇ فرونتىغا ھەربىي مەسلىھەتچى بولغانلارنىڭ سوپاخۇنىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ بۇ توغرىدا ئەھۋال ئىگىلىشىنى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان. گومىنداڭ بولسا چىڭخەيدىكى

ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيە ئۈرۈمچىگە، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن بىر ئاتلىق دىۋىزىيە جىمسار، گۇچۇڭ، مورى مۇداپىئە لىنىيەسىگە، 42 ـ كورپۇسنى قەشقەرگە، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيەنىڭ تولۇقلانما قىسمى قايتا تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئاقسۇغا، 191 ـ دىۋىزىيەنىڭ بىر قىسمىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن 231 ـ دىۋىزىيە تۇرپانغا، شېڭ شىسەينىڭ كونا ئارمىيەسىدىن تۈزۈلگەن 128 ـ دىۋىزىيە قاراشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا شېڭ شىسەينىڭ ئارمىيەسىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن ئىككى ئاتلىق دىۋىزىيە قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا تەۋە جەڭگىۋار ئارمىيەدىن جەمئىي ئۈچ كورپۇس، 10 دىۋىزىيەدە 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، ئۇندىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشقان ئالاقە ۋە تەمىنات ئەترەتلىرىدە 10 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم بار ئىدى، يۇقىرىقىلاردىن باشقا چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى، ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى ھەم مۇناسىۋەتلىك ئارمىيە ئورگانلىرىدىكىلەرنى قوشقاندا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسى 100 مىڭ كىشىگە يېقىنلىشاتتى، بۇلار ئىلى، ئالتاي ۋە تارباغاتايدىن باشقا يەتتە ۋىلايەتتىكى ناھىيەلەرگە ئورۇنلاشقان ئىدى»[9]. 1947 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا ھەربىي مەسلىھەتچىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسىنى قايتا تەشكىللەپ، تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن، ئەمما ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى يەنىلا 100 مىڭ كىشى ئەتراپىدا بولغان. شېڭ شىسەيدىن تېپىك يەپ شىنجاڭدىن قوغلانغان سوۋېت ئىتتىپاقى، شىنجاڭغا قايتىپ ئەسلىدىكى مەنپەئەت (ئىقتىسادىي مەنپەئەتلا ئەمەس يەنە ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتلەرمۇ بار)لىرىنى قولغا كەلتۈرمەك بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىك ۋاسىتىلەر بىلەن شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئىستەكلىرىدە تەدبىرلەر قوللىنىش بىلەن بىرگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىن ئىنتايىن نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللىغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى ۋە مەنپەئەتىدىن پىچكا ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى، خەلقنىڭ دەسلەپكى قوزغىلاڭلىرىدىن باشلاپ ئۇلارنى قوللاپ، كونترول قىلىپ كەلگەن. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئارمىيەسى ۋە مەمۇرلىرىنىڭ كۆپىيىشى، باج ـ جىيا سىستېمىسىنى يولغا قويۇشى ... قاتارلىق بىر قاتار رېئال سەۋەبلەر بىلەن شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىكى باج ـ سېلىق تېخىمۇ ئېغىرلىغان، 1937 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر بىر كىشى يىلىغا 317 يۈەن شىنجاڭ پۇلى سېلىقنى ئۈستىگە ئالغان بولسا، 1944 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ سېلىق 2419 يۈەنگە يەتكەن[10]. نەتىجىدە خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىنىپىي زۇلۇمى، ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيەسى، مىللىي كەمستىشى، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

«جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى»[11] بولغان شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىلىدا پارتلاپ، ناھايىتى تېزلا ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭەيدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. قوزغىلاڭچى پارتىزان ئەترەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ

---

خۇيزۇ ئاتلىق قىسمى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق ئاتلىقلىرىنى تىزگىنلەش ھەم «ياتلار ئارقىلىق ياتلارنى يوقىتىش» تەدبىرى سۈپىتىدە تەستىقلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ج ك پ نىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىۋېلىپ ھاكىمىيەت تىكلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى.

[9] جاڭ ئەنجۇن، ساۋ ۋېن: «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش تارىخى»، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيەسى نەشرىياتى 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ بەت.

[10] جۇ پېيمىن: «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب تارىخى (1933 ـ 1957)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 191 ـ بەت.

[11] رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بەرگەن بۇ باھاسى «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ناملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 690 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجىدىكى ۋاڭ قادىر بېغى (ھازىرقى غۇلجا خەلق باغچىسى)نىڭ ئالدىدا مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ۋە پارات ئۆتكۈزۈلدى، مۇشۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە قارىمىقىدا 7 پولك، 5 مۇستەقىل باتالىيون بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەسكەر سانى 15 مىڭدىن ئاشقان[12] بولۇپ گومىنداڭ ئارمىيەسىدىن ئولجا ئېلىنغان پىلىموت، زەمبىرەك، تانكا ئاتار ۋە نەچچە ئايروپىلان بىلەن قوراللانغان ئىدى. شىنجاڭدا يۈز مىڭ كىشىلىك ئەسكەر ۋە ساقچىسى بار گومىنداڭ دائىرىلىرى مىللىي ئارمىيەنى ئىلى رايونىدا ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكىرى كۈچ ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جايلاردا ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ مۇداپىئەنى كۈچەيتتى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، خەلقنى بالدۇرراق ئازاد قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى مۇكەممەل بولغان ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلاندا جەنۇب، شىمال ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانلانغان. شىمالىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش. ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ، شىخۇ ناھىيەلىرىنى ئازاد قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەش. جەنۇبىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەڭ رايونلاردا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشىنى تىزگىنلەپ، شىمال ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى»[13]. مانا مۇشۇ مۇكەممەل ئۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، ئۈچ يۆنىلىشتىكى ئازادلىق ئۇرۇشى قانات يايدۇرۇلغان. بۇ ئۇرۇش ئوپېراتسىيەسىدىكى جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇش لايىھەسىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى باشقا ئىككى يۆنىلىشنىڭ غەلىبىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. جەنۇبىي يۆنىلىش پارتىزانلىق ئۇرۇشى بولمىغىنىدا، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرى تەگرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتى - ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قوللىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن قانلىق كۈرەش قىلىۋاتقان چاغدا، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى، گېرمانىيە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويغان. 1945 - يىلى 2 - ئايدا يالتادا روزۋېلت، چېرچىل ۋە ئىستالىن قاتناشقان، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى قايتا قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىنغان ئىدى، ئەنە شۇ يىغىندا گەرچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىنقىلابىي يۆنىلىشى ۋە كۈنتەرتىپى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، ۋاسىتىلىك تەسىرلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك يوچۇق قالدۇرۇلغان ئىدى. يالتا يىغىنىنىڭ روھى بويىچە گېرمانىيە فاشىستلىرى يوقىتىلىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر چىقىرىپ ياپون جاھانگىرلىكىنى

[12] ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى (3)»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە نەشرى 697 - بەتتە، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان مۇشۇ كۈنى پۈتۈن قوراللىق كۈچىنىڭ 25 مىڭ ئەسكەر ۋە 1800 دىن ئارتۇق پارتىزاندىن تەشكىللەنگەنلىكى يېزىلغان. دۇ روڭكۈن، جى داچۈن، رېن يىفېي، ليۇ ۋېنيۈەنلەر يازغان «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى تەھقىقلەش» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2013 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 69 - بەت)تە، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان ۋاقىتتا 15 مىڭ ئەسكىرى بارلىقى يېزىلغان. قوجاي دوقاسىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا» («ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى (4)»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات كومىتېتى تۈزگەن، 1990 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 17 - بەت) ناملىق ماقالىسىدا، 1945 - يىلى 8 - ئايلاردا مىللىي ئارمىيەنىڭ 29650 ئەسكىرى بارلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇلاردىن 13 ئاتلىق پولك، ئىككى مۇستەقىل باتالىيون، بەش بىرىگاداسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى، ئادەم سانى ۋە تۇرۇشلۇق جايىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

[13] ساۋدانوف زاھىر: «5 - كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 - بەت.

www.uyghurkitap.com



يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىششى كېرەك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى (ئاتالمىش مانجۇرىيە) دائىرىسىگە ئەسكەر كىرگۈزىدىغانلىقى، بۇ رايوندىكى مەنپەئەتى (يەنى تۆمۈر يول، لۈيشۈن پورتى ۋە باشقا مەسىلىلەر) ھەمدە جۇڭخۇا مىنگو ئېتىراپ قىلمايۋاتقان موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىن ئويلىشىدىغان مۇھىم مەسىلىلەر ئىدى. بۇ مەسىلىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭخۇا مىنگونى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن، ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەم ج ك پ مەسىلىلىرىنى كوزىر قىلىپ پايدىلاندى، مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا جۇڭخۇا مىنگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا كۆپ قېتىم دىپلوماتىك ئالاقىلەر، سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆتتى، ئامېرىكا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ھەربىي تالاپىتىنى ئازايتىشنى كۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى بالدۇرراق ئۇرۇش ئېلان قىلىشىنى ئىستىگەنلىكتىن، ئارىدا سالاچىلىق قىلدى. 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېرلى يالتا كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرغان[14]. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ خىروشىما ئارىلىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىغان. 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يالتا كېلىشىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن سۆھبەت باشلىغان. بىر مىليون 740 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسىنى يۆتكەپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ياپونىيەگە (شۇ ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ياپونىيەنىڭ 700 مىڭ كىشىلىك، قورچاق مانجۇرىيەنىڭ 200 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسى بار ئىدى) ئۇرۇش ئېلان قىلغان. 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ياپونىيەنىڭ ناگاساكى ئارىلىغا ئامېرىكا ئاتوم بومبىسى تاشلىغان. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ۋە تۆت ماددىلىق قوشۇمچە كېلىشىم ئىمزالانغان. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇپ ئىتتىپاقداشلارغا تەسلىم بولغان، شۇنىڭ بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەپ تۇرغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت رەھبەرلىرى ئىستالىن، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بېرىيە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف خەۋەردار بولۇپ تۇرغان، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى (ئاخبارات ئىشلىرى بۆلۈمى) باشتىن ئاخىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان، پىلانلىغان، ئىجرا قىلغان. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش ئوپېراتسىيەسى 1945 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى. شۇ يىلى 9 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاينى ئازاد قىلىپ، مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىغا نەچچە تۈمەن كىشىلىك ئارمىيە يىغىلىپ، ئۈرۈمچىگە بىۋاستە تەھلىكە پەيدا قىلغان ئىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ پەقەت ئالتە باتالىيون (بىر باتالىيونى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى. تاشقورغان ئىنقىلابى يېڭىسار، قەشقەر تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. «گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈنلەي گۇمران بولىدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، جياڭ جيېشى ئۈچۈن بەك پايدىسىز ئىدى»[15]. جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇش ئوپېراتسىيەسى پىلانى بويىچە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى توقسۇن، قاراشەھەر، ئاقسۇ ۋە تاشقورغان

[14] شۇ چاغقىچە كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىخەۋەر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يالتا كېلىشىمىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە بەرگەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېلىشىمنىڭ كۆچۈرۈلمىسى بىلەن پىرېزىدېنتى ترومىننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسلەتمىسىنى بەرگەن.

[15] ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى (3)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 800 - بەت.

رايونلىرىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە پارتىزانلارچە ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ شىمالىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىگە ياردەم بېرىشىگە ئىمكان قالدۇرمىدى، نەتىجىدە گومىنداڭنىڭ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي دائىرىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى مىللىي ئارمىيە ئۈلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە 140 كىلومېتىردەك كېلىدىغان ماناسقا يېتىپ كېلىپ[16]، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. مانا مۇشۇ ئۈچ يۆنىلىش ئۇرۇش ئوپېراتسىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي بولغان جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم قىسمى ئاقسۇ فرونتى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىلەرگە كېلىش زۆرۈرىيىتى بار، چۈنكى ئاقسۇ فرونتىدىكى ئەھۋاللار، ئارمىيەنىڭ تۈزۈلۈشى، ئەسكەر سانىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمدە پۇتكۇل جەريان توغرىسىدا خېلى كۆپ ئەسلىمىلەر يېزىلىپ ئۇرۇش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرسىمۇ، بەزى ئىنچىكە ھالقىلار ئېنىقلانماي كەلمەكتە، مەقسىتىم مانا مۇشۇ خەلق ئازادلىق كۈرىشىگە 70 يىل تولغان خاتىرە كۈنلىرىدە، ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ توغرىدا قىسقىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

## 1. ئىلىدىن ئاقسۇغا تۇتاشقان يوللار

تەڭرىتاغلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى جۇغراپىيە جەھەتتىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھەمدەمچى قوشۇن يۆتكىسىمۇ، مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلسىمۇ تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈشى زۆرۈر ئىدى. مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈشتە توقسۇنغا چۈشۈپ ھازىرقى قاتناش لىنىيەسىنى بويلاپ يۈرۈش قىلىش يولىدىن باشقا، ئىلىدىن يۇلتۇز يايلىقى (خوتونسومۇل يەنى ھازىرقى خېجىڭ ناھىيەسىگە تەۋە) ئارقىلىق قاراشەھەرگە ياكى كۇچا ناھىيەسىگە بېرىشى، ياكى قالماقكۆرە (موڭغۇلكۆرە) ئارقىلىق مۇزداۋان يولى بىلەن جەنۇبقا ئۆتۈش، يەنە بىرى قىزىلكۆرە (ھازىرقى تېكەس) ناھىيەسى تەۋەسى بىلەن تەلەمەت داۋىنىدىن ئۆتىدىغان يوللار ئىدى. بۇلاردىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى بىلەن ئۆچتۇرپانغا، ياكى تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەر ياكى يەكەن ۋىلايىتىگە بېرىش يوللىرى بار ئىدى. ھەر قانداق دەۋردە يات قورallıق قوشۇننىڭ دۆلەت چېگراسىدىن ئۆتۈشى مۇمكىنچىلىكى ئاز ئىدى، شۇڭمۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان قىسمى مۇزداۋان لىنىيەسى، تەلەمەت داۋىنى لىنىيەسى، يۇلتۇز يايلىقى لىنىيەسىنى تاللىۋالغان. توقسۇن ناھىيەسى تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ دىققىتىنى بۇرىغان. تاشقورغان ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدىن ئۆتكەن ئىسھاقبېك مونونوف باشچىلىقىدىكى مەلۇم ساندىكى قورallıق قوشۇننىڭ ياردىمىگە نائىل بولغان. يۇلتۇز يايلىقىدا غەلىبىگە ئېرىشىلىپ[17] تاكى 1950 - يىلىغىچە يۇلتۇز ناھىيەسى تەسىس قىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولغان. ئەمدىكى مەسىلە، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتنىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئاقسۇ ئىدى، ئۈچ يۆنىلىشلىك ئوپېراتسىيەدىمۇ مىللىي ئارمىيە مۇشۇ مۇھىم ئۆتكەلنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى بىلەن بولغان قاتنىشى ۋە ماددىي ياردىمىنى ئۈزۈش ھەمدە تەلەمەت ۋە مۇزداۋان ئارقىلىق ئەسكىرىي كۈچ يۆتكەپ، ئىلى رايونىدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىگە ياردەم بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

[16] مەلۇماتلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالارنىڭ 3 يىل ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشىنى بەلگىلىگەن، بەزى مەلۇماتلاردا مىللىي ئارمىيەنىڭ 30~40 مىڭدەك ئەسكىرى ماناس دەرياسى بويىغا توپلانغان دېيىلىدۇ، بۇ ئەمەلىي ساندىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ 3 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى 799 - بەتتە يېزىلىشىچە، بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ 9 - شۆبە ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوشقاندا پەقەت 6 باتالىيون ئەسكىرى قالغان، زاپاس ئاشلىق 10 كۈن يەتكۈدەك، مىلتىق ۋە پىلىموت ئوقىدىن بىر مىليون پايدەك بار ئىدى.

[17] 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئازاد قىلىنغان، 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق يۇلتۇز ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان. تىبەت چياگزىدي ھاكىم، موڭغۇل ساغان مىرىن ۋە باراتوف (قازاق) مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

ئىلى رايونىدىن جەنۇبقا تۇتىشىدىغان مۇنداق يوللار بار: (1) ئىلىدىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا مېڭىپ ياماتو، توققۇزتارا، كۈنەس، نارات، يۇلتۇز، بالغۇنتاي، خوتونسۇمۇل ئارقىلىق قاراشەھەرگە بارغىلى بولاتتى. (2) ئىلىدىن جەنۇبقا يۈرۈپ موڭغۇلكۈرە، شوتا، مۇزئارت ـ مۇزداۋان ئارقىلىق جامغا كېلىدىغان يول. (3) ئىلىدىن چىقىپ قاپقا قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ، گۇڭگۇرتلۇك داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئېشىپ ئۈچتۇرپانغا كېلىدىغان يول.

غوجائەخمەت يۇنۇسنىڭ «ئىلىنىڭ تارىختىكى قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى»[18] ناملىق ماقالىسىدە يېزىشىچە، غۇلجا، چاپچال، دۆڭمەھەللە، دولاتا، خۇنخاي مازار، قالماقكۈرە، قاراكۆل، ئاقسۇ (موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى تەۋەسىدىكى يېزا)، شوتا[19]، قەشقەر كۈۋرۈك، شوتابۇلاق، چوڭتاش، بۇختى (بەختى)، ئايدۈڭگەر، ئۇيغۇربۇلاق (خوتەن بۇلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئارىشاڭ، كالاپاگزا، خانيايلاق، قوشكۈۋرۈك، توغراسۇ، ئايغىرئالدى (ئايغىر يايلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، شىپالىق، خادامۇز، تاختامۇز، قىزىلتاغ، قۇمكۆل، داۋاننىڭ بېشى، مومالاي، تامغاتاش، قالپاقتاش، تۆغبەلچە، قۇمبەل، قىيىنلىق، سازلىق، تاللىقوتان، ئويتېرەك، ئوتۇنبۇلاق، يېڭىمەھەللە، چوڭئارىيا، قورغان، قىزىلبۇلاق، چاشقانلىق (سېرىق ئەمەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تۈزئاۋات، جام، تۈمەن، قازانئاسما، ئىشلەنچى، تازلەنگەر، ئاقسۇ كوناشەھەر[20]، ئاقسۇ يېڭىشەھەر بولۇپ مۇشۇ لىنىيە بويىچە ھېسابلىغاندا، غۇلجا شەھىرىدىن ئاقسۇ شەھىرىگىچە **420** كىلومېتىر مۇساپە ئىدى. مۇزئارتتىن يەنە بىر تارماق يول بىلەن باي ناھىيەسىگە بارغىلى بولىدۇ، بۇ لىنىيە بويىچە يۈرگەندە داۋانچى، ئۆستەڭبويى، قارى، ياقائېرىق، قاراباش مەھەللىلىرىدىن ئۆتەتتى، **170** كىلومېتىر مۇساپە ئىدى. مانا بۇ يول لىنىيەسىگە قارايدىغان بولساق، تەڭرىتاغلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن سەپەرنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

تەلەمەت يولى: مىللىي ئارمىيە دەسلەپ بىر قەدەر ئاسانراق بولغان مۇزداۋان يولى بىلەن ئاقسۇ رايونىغا ئۆتۈشنى نىشان قىلغان بولسىمۇ، رازۋېدكا ئارقىلىق قورغاندا خېلى كۈچلۈك قوشۇن بارلىقى، قورغاننىڭ مۇداپىئەگە قولاي، ھوجۇم قىلىشقا بەئەپلىكى، داۋاننىڭ قېلىن قار بىلەن قاپلانغانلىقى قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەر تۈپەيلى، تەلەمەت داۋىنى[21] ئارقىلىق بارىدىغان، ناھايىتى كەمدىنكەم قاتناش بولىدىغان لىنىيەنى تاللىغان. سوپاخۇن باشلىغان بىر روتا قوشۇن ۋە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى، سودا كارۋانلىرى غۇلجىدىن يولغا چىقىپ تېكەس ناھىيەسى ئارقىلىق يۈرۈش قىلغان. قوشۇن چوڭقوشتاي، كۆكتېرەك، چولاقتېرەك، سارتور، قارىغايتاش ئارقىلىق مۇزداۋاسقا بارغىنىدا يولدىن ئازغاشقانلىقى بىلىنىپ، چوڭقوشتايغا قايتىپ كېلىپ، قايتىدىن جەنۇبقا يۈرۈپ كۆكسۇ دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ[22]، ئاقداۋان، قاراداۋان (بوزكېرىگى دەرياسىنىڭ باش قىسمىدا) ئارقىلىق بوزكېرىگى[23] ئېقىنىنى ياقىلاپ

---

[18] غوجائەخمەت يۇنۇس: «ئىلىنىڭ تارىختىكى قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىلى 1 ـ سان، 75 ـ 76 ـ بەتلەر.

[19] «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى»نىڭ 1966 ـ يىلدىكى يېڭى يېزىق نەشرىدە «شاتى» دېيىلگەن.

[20] چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مىللەتلەرنى ئايرىپ ئىدارە قىلىش سىياستى يولغا قويۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كوناشەھەر، يېڭىشەھەر، خەنچېڭ (خەنزۇ شەھىرى)، مانجۇ شەھىرى (لاۋمەنچېڭ) دېگەن جاي ناملىرى كۆرۈلىدۇ. ماقالىمىزدا كۆرۈلىدىغان ئاقسۇ يېڭىشەھەر ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنى، كوناشەھەر ناھىيەسى ھازىرقى ئونسۇ ناھىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسۇق ياكى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنى «ئونسۇ ناھىيەسى» دەپ ئاتىشى يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىكى ئىش بولغانلىقتىن، شۇ ۋاقىتتىكى نامى بويىچە ئېلىندى.

[21] تەلەمەت داۋىنىدىن كۇچا ناھىيەسىگە يول بىلەن بارسا 147 كىلومېتىر، تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 94 كىلومېتىر ئىدى.

[22] ئەسلىمىلەردە مۇشۇ يول لىنىيەسى توغرىسىدا مەۋھۇملۇق بار، ئېھتىمال كۆكسۇ دەرياسىنى ياقىلاپ قارىسالا داۋانغا ئاز قالغاندا شەرققە بۇرۇلۇپ، ئاقكۆلگە ئاز قالغاندا يەنە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان داۋاندىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئېھتىماللىق كۆكسۇ دەرياسىنىڭ بىر تارامى بولغان قۇرىلداي دەرياسىنى بويلاپ شەرقىي جەنۇبقا يۈرۈپ، چوڭقۇشتاي چارۋىچىلىرى مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ 3500 مېتىردىن ئېگىز بولغان بوجادۆك داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقكۆل، ئاقبۇلاق داۋانلاردىن ئۆتۈپ بوزكېرىگى دەرياسىنى ياقىلاپ قىيىرغا چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن.

[23] 1945 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا گومىنداڭ ئارمىيەسى قىزىل دەرياسىنىڭ باش قىسمىدىكى بوزكېرىگىگە تۇتاشقان چوڭغۇلغا ئىستىھكام ياساپ ئەسكەرلىرى ساقلايدىغان بولغان، باشقا تارماقلار يەنى كىچىكغول ۋە ئالتۇنقۇش غوللىرىدا پەقەت يالغۇز ئادەملا ئۆتەلەيدىغان

يۇرۇپ قىيىرغا چۈشكەن.

مۇزداۋان يولى: مۇز داۋان يولى جەنۇب ـ شىمال ئالاقىسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، چىڭ سۇلالىسى مۇشۇ لىنىيە بويىچە رابات ۋە چېرىكتۇرالارنى تەسىس قىلىپ، ئالاقىنى كاپالەتلەندۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىدىكى شىمالغا تۇتىشىدىغان يولنى كۇچانى نۇقتا قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، كۇچا ~ (80 كىلومېتىر) ~ قىزىل ~ (20 كىلومېتىر) ~ سايرام ~ (40 كىلومېتىر) ~ باي ~ (45 كىلومېتىر) ~ قاپسىلاڭ كىچىك ~ (20 كىلومېتىر) ~ چەرچى ~ (80 كىلومېتىر) ~ قارايۇلغۇن ~ (40 كىلومېتىر) ~ جام. جامدىن ئىلغا بېرىش ئۈچۈن تۇزئاۋات (阿尔巴特、盐山口)، ساچقانلىق ياكى بوزدۆڭ ئارقىلىق قىزىلبۇلاققا (约火罗)، ئاندىن قورغانغا (克络峡、破城子) بېرىپ ئۇندىن كېيىن چوڭئارپىلىق بىلەن مۇزئارت دەرياسىنى بويلاپ يېڭىمەھەللە، تۇغبەلچى، تامغۇتاش، توغرىسۇ، خانيايلاق، ئايدۆڭگەر، شاتى (شوتا) ئارقىلىق غۇلجىغا بارغىلى بولاتتى. مىللىي ئارمىيە قورغاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىلى بىلەن بولغان ئالاقە مۇشۇ يول بىلەن بولغان، سوپاخۇن باشچىلىق قىلغان قوشۇن ۋە ياردەمگە بارغان قىسىملار مۇشۇ يول بىلەن چېكىنگەن.

مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ فرونتىدىكى ۋاقىتتا ئىلغا بېرىش ۋە كېلىشتە مۇشۇ ئىككى لىنىيەدىن پايدىلانغان، يەنى سوپاخۇن باشلىغان روتا تەلەمەت يولى بىلەن قىيىرغا چۈشكەن بولسا، ئېلىخان تۆرىنىڭ 2 ـ ئوغلى ئاسىلخان باشلىغان ئىككى ئاتلىق ئىسكادىرون (ئادەم سانى 200 ئەتراپىدا) مۇشۇ يول بىلەن كەلگەن. مويدىن خوجا باشچىلىقىدا بايىنى قوغداشقا قالدۇرغان قوشۇن مۇشۇ لىنىيە بىلەن چېكىنىپ، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىلغا چېكىنىپ كەتكەن. قالغان قىسىملار مۇزداۋان يولى بىلەن كېلىپ، شۇ يول بىلەن چېكىنگەن.

## 2. ئاقسۇ فرونتىغا بارغان مىللىي ئارمىيە ۋە ياردەمگە بارغانلار

ھازىرقى ئەسلىمىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئاقسۇ سوقۇشلىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلەندىغىنى سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋ قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيەدىن ئىبارەت. گەرچە سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋ قوماندىرلىقىدىكى قوشۇن باشتىن ئاخىر ئاقسۇ فرونتىدا بولسىمۇ، ئۇلار كۆپ بولغاندىمۇ بىر روتا ئەسكەر بولۇپ تەخمىنەن 150 كىشى ئىدى. «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» ۋە «ئونسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە ئاقسۇ فرونتىدىكى مىللىي ئارمىيە ئەسكەر سانىنى 3000~4000 غىچە دەپ يېزىلغان، سوقۇشتا كۆپ بولغاندا 4000 كىشىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۇنداقتا ئاقسۇغا بارغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قانچىلىك كىشى ئىدى؟

(1) سوپاخۇن باشلىغان ئاتلىق ئەترەت[24]: بۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى سوپاخۇن سۇۋۇرۇف، مۇئاۋىنى سىدىق ھاجى؛ سىياسىي كومىسسارى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دىنىي ئىشلار مەسئۇلى داموللا رازىيوف، ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋەكىلى قاسىمجان قەمبىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئىسكەندەر (ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف) ۋە زاكىر تۆرە (شوخپور)، ئارقا سەپ تەمىنات مەسئۇلى قۇربانجان ئىدى. بۇلارنىڭ ئادەم سانى يۈزدىن ئارتۇق بولۇپ ھەر بىر ئەسكەرگە ئىشتىكلىك بەش ئاتار مىلتىق، 75 پايدىن ئوق، ئىككى داندىن قولبومبىسى بېرىلگەن، ئۇندىن باشقا پۈتۈن قىسىمغا 200 تال زاپاس ئوق، مىناميوت، 9 دانە دىكتار پىلىموت، 3 دانە گراناتاميوت قاتارلىق قوراللار سەپلەپ بېرىلگەن. ئۆز سېپىدىن قېچىپ كېلىپ قوشۇلغان ئىككى ئەسكەر، تېكەستە قوشۇلغان تېزەك تۆرە باشچىلىقىدىكى 18 نەپەر پارتىزاننى[25] ۋە باشقا ھۆكۈمەت ۋە سودا

---

بولغانلىقتىن ئۇ يەرگە ئەسكەر تۇرغۇزمىغان.

[24] ئاقسۇ فرونتىدىكى سوقۇشقا قاتناشقان خۇدابەردى ئېلاخۇننىڭ ئەسلىشىچە، بۇ ئەترەتتە يۈز نەچچە ئادەم بولۇپ، تۆت ئاتلىق ئىزۋوت، بىر مىناميوت ئوددىلىنىيەسى قىلىپ تەشكىللەنگەن، ئەمەلىيەتتە بىر ئاتلىق روتىدىن ئىبارەت ئىدى. قاراڭ، خۇدابەردى ئېلاخۇن: «1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ئەتراپىدا بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (39)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 18 ـ بەت.

[25] توختى ئىبراھىم بىر ئاتلىق ئىسكادىرون، دەپ يازغان. قاراڭ، توختى ئىبراھىم: «مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 177 ـ بەت. سوپاخۇن پولكوۋنىك تېزەك تۆرە باشچىلىقىدىكى 18 نەپەر پارتىزان ئىكەنلىكىنى

ئۆمىكىدىكىلەرنى قوشقاندا كۆپ بولغاندىمۇ 150 كىشىدىن ئاشمىغان. تۇنىياز مۇھەممەد مىللىي ئارمىيەنىڭ باينى ئازاد قىلىشى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە ئاۋۋال باي ناھىيەسىدە 1500دىن ئارتۇق ئادەم مىللىي ئارمىيەگە قاتنىشىپ ئاساسىي كۈچكە ئايلانغان[26] دەپ يازغان، لېكىن ئاخىرىدا پىشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن بايدا 300 كىشىنىڭ پىدائىي بولۇپ ئارمىيەگە قاتناشقانلىقىنى[27] ئەسكەرتكەن. يۇقىرىقى قاراشلاردىن توغرىسى مىللىي ئارمىيە قوبۇل قىلغان بارلىق پىدائىيلارنىڭ سانى كۆپ بولغاندىمۇ 300 ئەتراپىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. قورغاننى ھۇجۇم قىلىپ ئالغاندىن كېيىن سوپاخۇن مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سالغان، ئەسكەرلەر ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى ۋە بىر پىلىموت روتىسى قىلىپ تەشكىللەنگەن. سوپاخۇن سۇۋۇروف ئەسلىمىسىدە ھەر قايسى ئىسكادىرونلار، ئەسكەر سانى قاتارلىقلارنى يېزىپ قالدۇرغان، ئومۇمىي ئەسكەر سانى 400دىن ئاشمىغان[28]، مانا بۇ ئىشەنچلىك مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ.

(2) مويىدىن غوجا باشچىلىقىدىكى ئاتلىق دىۋىزىيون[29] 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قىيىرغا كېلىپ سوپاخۇن قىسمى بىلەن قوشۇلۇپ ئاقسۇ فرونتىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان.

(3) توختى ئىبراھىمنىڭ «مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، قورغان ئېلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى مىڭدەك ئەسكىرى[30] مۇزداۋان ۋە قورغان ئارقىلىق 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاقسۇ تەۋەسىگە ئۆتكەن. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى قۇربانجان باشچىلىقىدىكى تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر دىۋىزىيونىنى ئىبەرتىپ ئاقسۇ فرونتىدىكى كۈچنى تولۇقلىغان، بۇ دىۋىزىيون 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باي ناھىيەسىنى قايتا ئىگىلىگەن[31]. سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ يېزىشىچە، 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ، 29 ـ كۈنلىرى مۇزئارت يولى ئارقىلىق ئىككى ئاتلىق ئىسكادىرون ياردەمگە كەلگەن، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇننەچچە كوماندىر ياردەمگە كېلىپ قىسىملارغا مەسلىھەتچى بولغان.

(4) 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق مىرزا ناسىروف ۋە ئاسىلخان باشچىلىقىدا ئىككى ئىسكادىرون ياردەمگە كەلگەن.

(5) 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سوپاخۇن ئەترىتىدىكىلەر بىلەن قوشۇلغان كاۋالىيوف باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر

---

تەھقىقلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، قوشۇلغانلارنىڭ بىر ئىسكادىرون بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

[26] تۇنىياز مۇھەممەد: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيەسى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ باي ناھىيەسىنى ئازاد قىلىشى»، جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باي ناھىيەلىك كومىتېتى: «باي تارىخى ماتېرىياللىرى (1)»، 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 ـ بەت.

[27] يۇقىرىقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، 85 ـ بەت. سوپاخۇن سۇۋۇروف كىتابىدا 100 نەپەر پىدائىي قوبۇل قىلغانلىقىنى يازغان، مۇشۇ مەلۇمات توغرىدەك، لېكىن پىدائىيلار يۈزدىن كۆپ، 200دىن ئاز بولۇشى مۇمكىن.

[28] سوپاخۇن سۇۋۇروف: «مەن كەچكەن كېچىكلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 440 ـ بەت. بۇ سانلىق مەلۇمات، قورغان ئىشغال قىلىنغاندا ئەسىرگە ئېلىنىپ، مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە قوشۇلغان 91 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئەسكىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[29] خۇدابەردى ئېلاخۇننىڭ ئەسلىمىسىدە يېزىلىشىچە، بارلىق قىسىملار ھەر قايسى يۆنىلىشلەرگە ئۇرۇشقا كەتكەنلىكتىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قوغداۋاتقان ناسىروف مىرزىگۈل باشچىلىقىدىكى ئاتلىق باتالىيون ئىبەرتىلگەن. قاراڭ، خۇدابەردى ئېلاخۇن: «1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ئەتراپىدا بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (39)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 45 ـ بەت. سوپاخۇن سۇۋۇروف (448 ـ بەت)، توختى ئىبراھىم (178 ـ بەت)لار كىتابلىرىدا بىر دىۋىزىيون دەپ يازغان. ساۋدانوف زاھىر كىتابىدا يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەترەت دەپ يازغان (88 ـ بەت). مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ئاتلىق يۈز ئەتراپىدىكى كىشىدىن تۈزۈلگەن بىر ئىسكادىرون بولۇشى مۇمكىن.

[30] غوجەخمەت يۇنۇس ماقالىسىدە مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ مۇشۇ يول بىلەن ئاقسۇغا چۈشكەنلىكى يېزىلغان. قاراڭ، غوجەخمەت يۇنۇس يازغان «قەدىمكى يولدىكى ئۆچمەس خاتىرىلەر»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى تۈزگەن: «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى (5)»، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 223 ـ بەت. بۇ سانلىق مەلۇماتنى چوڭقۇرلاپ تەھقىقلەش زۆرۈردەك قىلىدۇ. سوپاخۇن سۇۋۇروف يازغان ئىككى ئىسكادىرون ۋە ئوننەچچە مەسلىھەتچى دېگەن مەلۇمات توغرا بولسا كېرەك. بۇ ۋاقىتتا قوشۇنلار ئاساسەن ماناس دەرياسى بويىغا يىغىلغان بولۇپ، مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ ئاقسۇ فرونتىغا چۈشۈشى تەھقىقلەشكە تېگىشلىك.

[31] توختى ئىبراھىم: «مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 180 ـ بەت.

دۆڭمۈزيونى[32] ئاقسۇ شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان[33] .

(6) 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش ئىشتابى ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن مۇزداۋاندىن ئېشىپ، قورغان ئەتراپىغا كېلىپ ئاقسۇ فرونتىدىكى قوشۇنلار بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۆكۈنىدىن باشلاپ ئاقسۇنى بىرلىكتە قورشاۋغا ئالغان .

ئاقسۇ سوقۇشىغا قاتناشقان مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى خۇدابەردى ئېلاخۇننىڭ ئەسلىشىچە بولغاندا، ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى سېپىلنى قورشاۋغا ئالغان مىللىي ئارمىيە تولۇق قوراللانغان ئىككى ئاتلىق باتالىيونغا يېتىپ قالغان .[34]

دۇ روڭكۈن قاتارلىقلارنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، ئاقسۇ فرونتىغا بارغان مىللىي ئارمىيە سوپاخۇن باشلىغان 150تىن ئارتۇقراق ئاتلىق ئەسكەر، تېكەستىن ئىبەرتكەن بىر ئاتلىق باتالىيون (8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن كېيىن، 9 ـ ئايدىن بۇرۇن) ۋە 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياردەمگە كەلگەن ئىككى پولك ئەسكەردىن ئىبارەت[35] .

جاڭ داجۈننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئارمىيەسى ئېرىشكەن ئاخباراتلارغا ئاساسلىنىپ يېزىشىچە، مىللىي ئارمىيەنىڭ 3 ئاتلىق پولكى ۋە يۇلتۇز رايونىدىكى موڭغۇل ئاتلىق پولكى، كۇچا ۋە ئاقسۇ رايونىغا تەھدىت سېلىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا قاتارلىق جايلاردىن قوربانجان قوماندانلىقىدا ئاتلىق 2 ـ پولك (500 ئاتلىق ئەسكەر، 300 دىن ئارتۇق مىلتىق، 20دىن ئارتۇق پىلىموت)، قاتى (堪提) باشچىلىقىدا ئاتلىق 5 ـ پولك (500 دىن ئارتۇق ئاتلىق)، سوپاخۇن ئاتلىق پولكى (400دىن ئارتۇق ئاتلىق)، مۇستەقىل ئارمىيە (500دىن ئارتۇق ئادەم، يېرىمى ئاتلىق ۋە مىلتىقلىق)، موڭغۇل ئاتلىق پولكى (200دىن ئارتۇق ئادەم، ئۈچتىن بىرى قوراللىق)، مىناميوتچىلار روتىسىدىن بىرى (4 مىناميوت بار)، كالىبرى 6 سانتىمېتىرلىق مىناميوت روتىسىدىن بىرى (12 مىناميوتى بار) بولۇپ جەمئىي 4500~4600 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە، ئۇلارنىڭ 1500دىن ئارتۇق ئېتى، 1700دىن ئارتۇق مىلتىقى، ھەر خىل مىناميوتتىن 16سى، ئېغىر پىلىموتتىن سەككىز، يېنىك پىلىموتتىن 60 نەچچىسى بار ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا قىيىردا كالتەك كۆتۈرگەن 500دىن ئارتۇق ئامما بارلىقىنى كۆرسەتكەن[36] .

ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا يازغانلىرىغا ئاساسلانساق، ئاقسۇ فرونتىغا چۈشكەن ئەسكەرلەر سوپاخۇن قوشۇنىدىن (كېيىن تەشكىللەنگەن بويىچە بۇلار 3 ئاتلىق روتا ۋە بىر پىلىموتچىلار روتىسى) باشقا، 4 ئاتلىق روتا بولۇپ چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا تېكەس 2 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ قاراشەھەر ۋە كۇچاغا تۇتىشىدىغان تاغ يولىدا تەھدىت سېلىپ تۇرغانلىقى يېزىلغان[37] .

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا سوپاخۇن پولكى، تېكەس ئاتلىق پولكىنىڭ بىر باتالىيونى ۋە موڭغۇل ئاتلىق پولكىنىڭ ئاقسۇ فرونتىدا ئۇرۇش قىلغانلىقى يېزىلغان[38] .

---

[32] خۇدابەردى ئېلاخۇننىڭ ئەسلىشىچە، بۇلار شوتا رايونىنى ساقلاۋاتقان موڭغۇل ئاتلىق باتالىيونى ئىدى. قاراڭ، خۇدابەردى ئېلاخۇن: «1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ئەتراپىدا بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (39)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 45 ـ بەت.

[33] توختى ئىبراھىمنىڭ يېزىلىشىچە، بۇ دۆڭمۈزيوندىكى 100دىن ئارتۇق ئەسكەر قۇربان بولۇپ، ئەسكەرلەر ئاساسەن جەھەتتىن قىرىلىپ تۈگىگەن دېگىنىگە قارىغاندا، بۇ دۆڭمۈزيوندا 150 ئەتراپىدا ئەسكەر بولۇشى مۇمكىن.

[34] خۇدابەردى ئېلاخۇن: «1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ئەتراپىدا بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (39)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 50 ـ بەت.

[35] دۇ روڭكۈن، جى داجۈن، رېن يىفېي، ليۇ ۋېنيۈەن: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى تەھقىقلەش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2013 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 79 ـ بەت

[36] جاڭ داجۈن: «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، جۇڭگو تەيۈەن لەنشى نەشرىياتى 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6508 ـ بەت.

[37] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 2 ـ توم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 805 ـ بەت.

[38] ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى (3)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 760 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يـۇقىرىقى ئەھـۋاللاردىن قارىغانـدا، مىللـىي ئارمىيەنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئۇرۇش قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ **1100** كىشىدىن ئاشمىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قوشۇۋېلىنغان مىللىي ئەسكەرلەرمۇ بار. ئاقسۇ شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلغانـدا ئۇقرالارمۇ قاتنىشىپ **3~4** مىڭغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ساننى گومىنداڭ دائىرىلىرى يۇقىرىغا ئاشۇرۇپ مەلۇم قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشـىمۇ مـۇمكىن. ئـۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشـقانلارنىڭ ئەسلىمىسى ۋە باشقا ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، سوپاخۇن قوشۇنى **150** كىشى كەلگەن ۋە ئەسكەر قوبۇل قىلىپ كۆپىيىپ **400** ئەتراپىدا ئادەم بولغـان. ناسىروف مىرزىگۇل باشچىلىقىدىكى كـۈچەيتىلگەن ئىسكادىروندا **200** دىن ئارتۇقراق ئەسكەر بولغان. مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ ياردەمگە كەلگەنلەر ئىككى ئىسكادىرون ۋە مەسلىھەتچىلەر بولۇپ **250** كىشى ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. يەنە موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى كۆپ بولغاندىمۇ **200** ئەتراپىدا ئادەم بولغان، مۇشۇنداق بولغاندا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاقسۇ فرونتىدىكى ئەسكىرىي كۈچى **1000~1100** كىشىگىچە بولغـان. ئـۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئاقسۇدا جەڭ قىلىپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇشى، تەشۋىقات ئىشلىرىنىڭ دېگەندەك قانات يايدۇرۇلمىغانلىقى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ خەلقنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىشى سەۋەبلىك، ئەينى يىللىرى **600** مىڭ نوپۇسى بار ئاقسۇدا ناھايىتى ئاز ئادەملا ئىنقىلابقا قاتنىشالىغان.

### 3. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

**1944** ـ يىلى گومىنداڭ پىرقىسى (گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئاقسۇدىكى بۆلۈمى **1943** ـ يىلى **4** ـ ئايدا قۇرۇلغان) ئاقسۇدىكى ھۆكۈمرانلىقنى قوغداش، مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت كۈچىـ ـ ئاقسۇ مۇھاپىزەت قوماندانلىق ئىشتابى (**65** ـ بىرىگادىنىڭ قوماندانى لى زۇتاڭ باش قوماندان بولغان)، ئاقسۇ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق ئىشتابى (ۋالىي قوشۇمچە باش قوماندان بولغان) قاتارلىق قوراللىق قىسىملارنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىنى قۇرغان. يەرلىك ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىدىكى ئاقسۇ ناھىيەلىك قوغدىنىش پولكى، گومىن پولكى، ئاقسۇ مۇھاپىزەت پولكى قاتارلىق قوراللىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلىشىغا ماسلاشتۇرغان. **172** كىشىدىن تۈزۈلگەن ئاقسۇ ناھىيەلىك قوغدىنىش پولكى **1944** ـ يىلى قۇرۇلغان، ھاكىم لىن شىڭجى قوماندان، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋبىن مۇئاۋىن قوماندان بولغان. ئاقسۇ ناھىيەلىك گومىن پولكى **1944** ـ يىلى قۇرۇلغـان، ھـاكىم قوشـۇمچە پولـك كومانـدىرى (پودپولكوۋنىك ھەربىي ئۇنۋانىدا)، ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مايور دەرىجىسىدە مۇئاۋىن قوماندان بولغان، بۇ پولكتا جەمئىي**180** ئوتتېلىنىيە بويىچە **1740** ئادەم بار ئىدى. ئاقسۇ ناھىيەلىك مۇھاپىزەت پولكىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى نامەلۇم، بۇ پولكنىڭ كوماندىرى ۋاڭ دوگيۈ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىرى مېڭ دوگچاۋ، جاۋ خەنچى، لىكسۇت بولۇپ جەمئىي **861** نەپەر ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر بار ئىدى.

گومىنداڭ ئارمىيەسى **2** ـ ئاتلىق دىۋىزىيەنىڭ **5** ـ ئاتلىق پولكى ئاقسۇدا بولۇپ پولك كوماندىرى جاۋ خەنچى ئىدى، ئەسكەر تولۇق سەپلەنگەن، ئىلغار قورال بىلەن قوراللانغان بۇ قوشۇن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەرخىل ھېسابلىناتتى، بۇ پولك ئەسلىدە شەرقىي شىمال ئارمىيەسىدىكى سۇڭ چىڭچىنىڭ قىسمى بولۇپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىدى، شۇڭا **1946** ـ يىلى **2** ـ ئايدا يەكەنگە يۆتكەلگەن. ئاقسۇدا يەنە لەي گوگاڭ كوماندىرلىقىدىكى زاپاس **2** ـ پولكمۇ بار ئىدى، بۇ پولكتا پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىدىن ئۈچى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر باتالىيونى ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغـان. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە **1944** ـ يىلى **133** نەپەر ساقچى ئوفىتسېرى بار ئىدى.

جاڭ داجۇننىڭ يېزىشىچە، **1945** ـ يىلى مىللىي ئارمىيە جەنۇبقا چۈشكەن ۋاقىتلاردا ئاتلىق **2** ـ دىۋىزىيە يەنى شياڭ چاۋجوڭ دىۋىزىيەسىنىڭ **4** ـ

ئاتلىق پولكى كوچانى ساقلاۋاتقان بولۇپ 3 ـ روتىسى تەلەمەت داۋىنىدا، 1 ـ روتىسى قىيىر تاغ ئېغىزىدا ئىدى. ئاتلىق 5 ـ پولكنىڭ كوچەيتىلگەن بىر روتىسى مۇزداۋاندا، 128 ـ دىۋىزىيە 384 ـ پولكنىڭ بىر باتالىيونى ۋە زاپاس پولك (补充团) نىڭ 400دىن ئارتۇق ئادىمى ئاقسۇنى قوغداۋاتاتتى[39].

ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنى 1944 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئاتلىق 2 ـ دىۋىزىيە 5 ـ پولكنىڭ بىر ئىنژۋوت ئەسكىرى ساقلىغان، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە مۇھاپىزەت پولكىدىن بىرى ئەسىس قىلىنغان، بۇ پولكتا 5 ئەترەت 746 كىشى بار ئىدى، شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىم لو خوگشيوڭ باشلىق بولغان. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا زاپاس 1 ـ پولكنىڭ 3 ـ باتالىيونى چېگرا قاراۋۇلخانىسى قۇرۇپ ساقلىغان.

ئاقسۇ فرونتىدا مىللىي ئارمىيە شۇنچە كۈچەپمۇ ئىگەللىيەلمىگەن ئاقسۇ سېپىلى 1883 ـ يىلى قۇرۇلغان، سېپىلنىڭ ئايلانمىسى 2877 مېتىر، ھەر بىر تەرىپىدە بىردىن قوۋۇقى بار بولۇپ ھازىرقى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 500 مېتىردەك شىمالىدا ئىدى، سېپىلنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، سېپىل كۈنگۈرىسى 752 ئىدى، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر بولۇپ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7 مېتىردىن ئاشاتتى، سېپىلنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 740 مېتىردىن بولۇپ كۋادرات شەكلىدە، ھەر بىر بۇلۇڭىدا بىردىن يۇمىلاق قاراۋۇلخانە بار ئىدى، يەنە ھەر بىر قوۋۇقنىڭ ئالدىغا يېرىم ئاي شەكلىدە قورۇغ تام سېلىنىپ ئىشىك قويۇلغان. سېپىلنىڭ ھەر بىر قوۋۇقىغا خەنزۇچە ئىسىم قويۇلغان يەنى شەرقىي قوۋۇق «كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش (朝阳门)»، شىمالىي قوۋۇق چېگىبىنىمىن (承恩门)، غەربىي قوۋۇق يىشۇاڭمىن (挹爽门)، شىمالدىكىسى يىڭشۇنمىن (迎熏门) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار بولسا بۇ سېپىلنىڭ ھەر قايسى قوۋۇقلىرىنى يۇرتلارنىڭ نامى بويىچە ئاتىغان يەنى، شەرقىي قوۋۇقنى كوچا دەرۋازىسى، غەربىي قوۋۇقنى قەشقەر دەرۋازىسى، شىمالىي قوۋۇقنى كوناشەھەر دەرۋازىسى، دەپ ئاتىغان. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن جاۋ خەنچى بىر روتا ئەسكەر چىقىرىپ، سېپىلغا يېقىن بولغان ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ تۈزلىگەن ھەمدە 6 قەۋەت ئاكوپ كولىغان، خەندەك قېزىپ سۇ تولدۇرۇپ مۇداپىئەنى كۈچەيتكەن. مىللىي ئارمىيە ئىشغال قىلالمىغان بۇ سېپىل 1954 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزلىۋېتىلگەن.

سەيپىدىن ئەزىزى شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ شەھىرىدە گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئون مىڭغا يېقىن ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى، دەپ يازغان[40]. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارايدىغان بولساق، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئاقسۇ سېپىلىدىكى ئەسكەر سانى ھەرگىزمۇ 10 مىڭ كىشىگە يەتمەيدۇ. يۇقىرىقى ئەسكەر سانىنى قوشساقمۇ 4000 كىشىگە بارمايدۇ، ئەينى دەۋردە گومىنداڭ ھەر قايسى جايلاردىكى خەنزۇ پۇقرالارنىمۇ قوراللاندۇرۇپ ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا ياكى مۇداپىئەگە قاتناشتۇرغان. شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى خەنزۇ ئاھالىسى جەمئىي 1335 كىشى بولۇپ مۇشۇلارنى قوشقاندىمۇ، 1945 ـ يىلى ئاقسۇ شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەسكىرى، مەمۇر، پۇقرالار كۆپ بولغاندىمۇ 5000 كىشى ئەتراپىدا ئىدى، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئوتتۇرىدا شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، گومىنداڭ ئارمىيەسىدە "بۇسوگتۇەن" (补充团) نامىلىنغان قىسمىنىڭ ئەسكىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان كېيىن ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى تارقىتىۋېتىلگەن، ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىگە ئىشەنمىگەن، ئۇلار ئارمىيەدە بار ۋاقىتتىمۇ ئەسكەر سانىغا قوشۇلمىغان[41]. گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى ئىچىدە مەلۇم ساندا ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى بولغان. يەنە بىر مەسىلە خەنزۇ ئاھالىلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە

---

[39] جاڭ داجۈن: «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، جۇڭگو تەيۋەن لەنشى نەشرىياتى 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6508 ـ بەت.

[40] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى (2)»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 ـ بەت.

[41] شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىدىكى ماتېرىياللاردىن تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ شاپىگرافتا باسقان ماتېرىيال: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام (4)»، 57 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com



شەھەر مۇداپىئەسىگە سېلىنىشى سەۋەبىدىن مىللىي ئارمىيەنىڭ گومىنداڭ ئارمىيەسىگە قارشى سوقۇشلىرى داۋامىدا بىر تۈركۈم تىنچ پۇقرالار ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ پۇقرالار مەيلى خالىسۇن خالىمىسۇن، قورال كۆتۈرگەنلىكتىن ئۇرۇش تالاپىتىدىن ساقلىنالمىغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا سوپاخۇن سۇۋۇروف باشلىغان ئەترەت گەرچە مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇنتىزىم قىسمى بولسىمۇ، پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى قوللانغاچقا «پارتىزانلار ئەترىتى» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار جەنۇبقا مېڭىشتا ئېلىخان تۆرىگە مەلۇم قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئاھالىلىرىگە ئوخشاش چەكمەن كىيىشنى تەلەپ قىلغان. سوپاخۇن ئەترىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشكەندىن كېيىن چەكمەن كېيىپ سوقۇشقان، بۇ ئەلۋەتتە ئەسلىدىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ «توپىلاڭچىلار»نى يوقىتىپ تۆھپە كۆرسىتىشىگە پۇرسەت بولغان، ئۇندىن باشقا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىدىن نارازى بولۇپ تۇرغان ئاۋامدىنمۇ 1000~2000چە كىشى قولىغا كالتەك، توقماق ئېلىپ، مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى[42] بىلەن ئاقسۇنى قورشاش ۋە باشقا ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقتىن گومىنداڭ ئارمىيەسى پۇقراچە كىيىنگەن كىشىلەرنى "توپىلاڭچىلار" دەپ تونۇپ قىلىپ خېلى كۆپ ئاھالە قىرغىن قىلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. جاڭ داجۈننىڭ يېزىشىچە، 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيەنى قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيەسى قىيىر، قىزىلبۇلاق قاتارلىق جايلاردا 2000دىن ئارتۇق توپىلاڭچى ئاممىنى يولۇقتۇرغان،

لېكىن ئۇلارنىڭ قورالى يوق ئىدى[43]. جاڭ داجۈن، شەھەر سېپىلىغا شوتا بىلەن چىققانلارنى گومىنداڭ ئارمىيەسى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن[44]، دەپ يازغان. ناۋادا گومىنداڭ ئارمىيەسى مۇشۇنداق شەپقەت قىلغان بولسا، يۇقىرىقى 2000 ئادەتتىكى ئاۋام ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچ خەنزۇ پۇقرالارغا قورال تارقىتىپ ئۇرۇشقا سېلىشى ۋە مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيەنىڭ پۇقراچە كىيىنىپ سوقۇششى ئاز بولمىغان تىنچ پۇقرالارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇش بىلەن بىرگە پۇقرالارنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەسلىدىن زىل بولۇپ كەلگەن مىللىي مۇناسىۋەتلەرگە دەز كەتكۈزگەن.

### 4. مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاقسۇدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئازادلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي يۆنىلىش بىلەن ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. جەنۇبىي يۆنىلىشتىكىلەرنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسكەنجىلەپ، شىمالىي شىنجاڭغا چىقىپ، گومىنداڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە جەنۇبىي شىنجاڭنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىش ئىدى. پىلان بويىچە مايتاغدا گومىنداڭ ئارمىيەسىدىن ئىسيان قىلىپ مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلغان ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەشكىللەنگەن بىر روتا (يۈزدىن ئارتۇق كىشى) ئاتلىق ئەسكەر سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ كوماندىرلىقىدا، 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى غۇلجىدىن يولغا چىققان. ئەسلىي پىلان بويىچە مۇزداۋان ئارقىلىق جەنۇبقا چۈشۈش پىلانلانغان بولسىمۇ، گومىنداڭ ئارمىيەسى ئاخباراتچىلىرى بۇ ئاخباراتنى ئىگىلەپ بولغان ۋە قورغان ۋە مۇزداۋاندىكى مۇداپىئەنى

---

[42] سوپاخۇن باشلىغان ئەترەت قورغاننى ئالغۇچە چەكمەن كىيگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇندىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۆز فورمىسىدا مۇنتىزىم قوشۇن سۈپىتىدە ئۇرۇش قىلغان، بۇنىڭغا سوپاخۇننىڭ قورغان ئېلىنغاندا، قورغان ئالدىدا چۈشكەن ئاتلىق سۈرىتى مىسال بولالايدۇ. خۇدابەردى ئېلاخۇننىڭ ئەسلىمىسىدە يېزىلىشىچە، قاراداۋاندىن چۈشۈپ، ئەترەتتىكىلەر ھەربىي فورمىلىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، پۇقراچە كىيىنگەن. مانا بۇلاردىن مىللىي ئارمىيەنىڭ سوپاخۇن باشلىغان جەنۇبقا چۈشكەن قىسمىنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى بولماستىن مۇنتىزىم قىسىم ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. خۇدابەردى ئېلاخۇن: «1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ئەتراپىدا بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (39)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 21 ـ بەت.

[43] جاڭ داجۈن: «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، جۇڭگو تەيۈەن لەنشى نەشرىياتى 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6515 ـ بەت.
[44] يۇقىرىقى ئەسەر، 6513 ـ بەت.

كۇچەيتكەن[45] ئىدى، يەنە مۇزداۋاننى قىلىن قار قاپلىغانلىقى، گومىنداڭنىڭ ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن، تېكەس ناھىيەسى تەۋەسىدىكى كۆكسۇ دېگەن جاي ئارقىلىق ئاقبۇلاق داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ باي ناھىيەسى تەۋەسىدىكى بوزكېرىگى ئېقىنىنىڭ چوڭ غولىنى بويلاپ، 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قىيىرنى ساقلاۋاتقان كۇچادا تۇرۇشلۇق 4 ـ پولكنىڭ 1 ـ روتىسىغا ھۇجۇم قىلىپ يوقاتقان. مىللىي ئارمىيە قىيىرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن باي ناھىيەسىگە يېتىپ بارغان ۋە 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى باي ناھىيە بازىرىغا ئۈچ يول بويىچە ھۇجۇم قىلىپ رېن فامىلىلىك كوماندىر باشچىلىقىدىكى روتىنى يوقىتىپ باينى ئىگىلىگەن. مىللىي ئارمىيە گەرچە غەلىبە قىلىۋاتقان بولسىمۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تارقاق بولۇشىدىن ئۈستۈنلۈك قازىنىۋاتاتتى، ئۇلار ئىلى بىلەن راۋان ئالاقە يولى ئاچمىسا ئۇزۇنغا قالماي كۈچلۈك گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ يوقىتىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار قوبۇل قىلغان پىدائىيلىرىنىڭ قوشقاندا 300 ئارتۇق ئەسكەر بولۇپ، بىر قىسمىنى قىيىرنى، بىر قىسمىنى باينى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، مۇزداۋاننىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان قورغاننى ئېلىش ئارقىلىق غۇلجىغا بارىدىغان يولنى ئېچىش ئۈچۈن ئاتلانغان. بۇ ۋاقىتتا قورغاننى ئاقسۇدىكى ئاتلىق 5 ـ پولكنىڭ كۇچەيتىلگەن بىر روتىسى ساقلاۋاتاتتى. قورغان[46]نى ئېلىش سوقۇشى نەچچە كۈنگە سوزۇلۇپ كېتىدۇ، ئارىدا كۇچا ۋە ئاقسۇدىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇن تارمار قىلىنىدۇ. مىللىي ئارمىيە قورغاننى ئېلىش بىلەن بولۇۋاتقاندا ما دېخوڭ (马德鸿) باشچىلىقىدىكى ئاتلىق 4 ـ پولكنىڭ 1 ـ ۋە 3 ـ پىلىموتچىلار روتىسى بىلەن ئاتلىق 5 ـ پولكنىڭ 2 ـ روتىسى (بىر ئىزۋوتى كەم) دىكى 360 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باينى ئىگىلىگەن. قورغانغا ياردەمگە ماڭغان 5 ـ پولكنىڭ 2 ـ روتىسى جامدىن تۇزئاۋاتقا كەلگەندە مىللىي ئارمىيەنىڭ 200 كىشىلىك قىسمى بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەن. 5 ـ پولكنىڭ كوماندىرى جاۋ خەنچى (赵汉奇) مۇزداۋاننى قانچىلىك بەدەل تۆلىنىشىدىن قەتئىينەزەر قاتتىق ساقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن ھەمدە لى شۆجۈن (李学钧) باشچىلىقىدا پىلىموتچىلار روتىسىنى ياردەمگە ئەۋەرتكەن. قورغان سوقۇشىدا قورغاندىكى روتىنىڭ كوماندىرى ما فۇيەن (么富沿)، لى شۆجۈن ئۆلگەن. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پولك كوماندىرى جاۋ خەنچى شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ يەن جىشىن ۋە خوڭ يادوگىنىڭ روتىلىرى، ما دېخوڭ قوشۇنلىرى ۋە ئۇرۇشتا ساق قالغان 40~50 تەك ئەسكەرنى قوشۇپ قورغانغا ياردەمگە ماڭغان، بۇ ۋاقىتتا قورغان قولدىن كېتىپ بولغانلىقتىن چېكىنگەن. 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنگە كەلگەندە قىزىل دەرياسى ۋە چەرچى ئەتراپلىرىدا مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى پەيدا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاتلىق 4 ـ باتالىيوننىڭ كوماندىرى شياڭ چاۋجوڭ (向超中) باينى ساقلاشقا بىر روتا ئەسكەر قالدۇرۇپ كۇچاغا قايتقان. مىللىي ئارمىيە قورغاندا بىر نەچچە كۈن ئارام ئالغاچ قوشۇننى تەرتىپكە سالغان ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تەرتىپكە سېلىنغان قوشۇنى ۋە ياردەمگە كەلگەن قوشۇن بىلەن مۇزداۋاننىڭ 125 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى قىزىلبۇلاق ۋە قورغاندىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ئاقسۇ ۋە ئونسۇغا يۈرۈش قىلغان. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناسىروف مىرزىگۈل باشچىلىقىدىكى قىيىر تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن 300 كىشىلىكتەك قوشۇن باي ناھىيەسى بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، باي ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان 4 ـ پولكنىڭ 1 ـ روتىسىنى مەغلۇپ قىلىپ باي ناھىيەسىنى قايتا ئىگىلىگەن. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى كونىشەھەر ناھىيە بازىرىغا 4 تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىگەن. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن باشلاپ مىللىي ئارمىيە ئاقسۇنى قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، ئىككى ئارىدا قاتتىق سوقۇش بولغان. گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ رازۋېتچىكلىرى مىللىي

[45] گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 5 ـ پولكىنىڭ كۇچەيتىلگەن بىر روتىسى مۇزداۋاننى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، روتا كوماندىرى لى شجۈن ئىدى.

[46] قورغان ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ مۇستەھكەم سېپىلى بار بولۇپ ئىلىغا ئۆتىدىغان يولنى توسۇپ تۇراتتى، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بۇ جاي 破城子 دەپ يېزىلغان، بەزى مەلۇماتلاردا گومىنداڭنىڭ 400 كىشىلىك ئارمىيەسى ئېغىر، يېنىك قوراللار بىلەن قوراللىنىپ ساقلىغان. مۇزداۋاننى ساقلاۋاتقانلارمۇ مۇشۇ جايغا توپلىنىپ مۇداپىئە كۈچەيتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com



ئارمىيەنىڭ خېلى تالاپەت تارتقانلىقىنى، ئوق - دورىسى كەمچىل بولۇپ ياردەمچى قوشۇننى ساقلاۋاتقانلىق ئاخباراتىنى ئىگىلىگەن. ئاقسۇنى قوغداۋاتقان قوشۇنلارنىڭ كوماندىرى جاۋ خەنچى بۇنى ياخشى پۇرسەت بىلىپ، پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى فاڭ چىڭئەن (房庆安) باشچىلىقىدا 200 كىشىدىن ئارتۇق زەربىدارلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، تۈن قاراڭغۇلۇقىدا مىللىي ئارمىيەگە ھۇجۇم قىلىپ 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، 3 مىناميوت، 1 پىلموت ۋە نۇرغۇن ئوق غەنىيمەت ئېلىپ سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مىللىي ئارمىيە سېپىلغا يەنە ھۇجۇم قىلغان. جاۋ خەنچى ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مىللىي ئارمىيەگە قاتتىق زەربە بەرگەن ۋە كوناشەھەر ناھىيەسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، بىر روتا ئەسكەرنى جامغىچە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرغان، مىللىي ئارمىيە مەغلۇپ بولۇپ قورغان ۋە قاراباغ (老虎台)گە يىغىلىپ ئابورون تۇتۇپ ياردەم كۈتكەن. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگە كەلگەندە سوپاخۇن قىسمى بىلەن ياردەمگە كەلگەن موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى كوناشەھەر ئەتراپلىرىغا يېقىنلاپ، ئەتىسى تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىككى گۇرۇپپا كوناشەھەرگە، ئىككى گۇرۇپپا ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ كوناشەھەرنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئاقسۇنى قورشاۋغا ئالغان. مۇشۇ كۈنى يەنە ئاسىلخان، ھۈسەن قارى، مۇنەۋۋەر خوجا باشچىلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇنمۇ يېتىپ كەلگەن. مىللىي ئارمىيە شۇندىن باشلاپ ئاقسۇنى قورشاپ ھۇجۇمنى كۈچەيتكەن. گومىنداڭ تەرەپنىڭ بايان قىلىشىچە، بىر كۈندە سېپىل ئىچىگە چۈشكەن مىناميوت ئوقى 300 پايدىن ئاشقان، پولك كوماندىرى فاڭ چىڭئەن مىناميوت ئوقىدا يارىلانغان، رۇتا كوماندىرى يەن جىشىن ۋە بىر قىسىم ئەسكەر ئۆلگەن، يارىلانغان. گومىنداڭ تەرەپنىڭ بايانىغا قارىغاندا، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگە كەلگەندە مىللىي ئارمىيەنىڭ قورشاۋغا ئالغان ئەسكىرى 2000دىن ئاشقان ۋە سېپىل ئىچىگە ئېتىلغان مىناميوت ئوقى 600 پايدىن ئاشقان. مىللىي ئارمىيە شىددەتلىك توپقا تۇتۇش بىلەن بىرگە شوتا قويۇپ سېپىلغا ياماشقان، لېكىن مۇداپىئە بەك كۈچلۈك بولغانلىقتىن كۆپ قۇربان بېرىلگەن بولسىمۇ سېپىلنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جاۋ خەنچى ئۈرۈمچىدىكى قوماندانلىق باش ئىشتابىغا تېلېگرامما يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلغان. جاۋ خەنچى سېپىل ئىچىدىكى ئارمىيە، ساقچى ۋە خەلقنى سېپىلنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەردە ئەسكەرلىرىنى ئىككى قىسمغا ئايرىپ، فاڭ چىڭئەن بىر قىسمنى باشلاپ شەرقىي قوۋۇقتىن، جاۋ خەنچى باشلىغان بىر قىسمى شىمالىي قوۋۇقتىن چىقىپ مىللىي ئارمىيەگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان ھەمدە چېكىندۈرگەن، مىللىي ئارمىيەدىن يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولغان. گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئاتلىق 3 - روتىسى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كونىشەھەر ناھىيەسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىگەن. مۇشۇ سوقۇشلار بولۇۋاتقاندا 128 - دىۋىزىيەنىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرى كۈچاغا كەلگەن، كۈچانى ساقلاۋاتقان 4 - ئاتلىق پولكنىڭ كوماندىرى ما دېخوڭ قوشۇن باشلاپ بېرىپ باينى ئىگىلىگەن. ما دېخوڭ قوشۇنى كۈچانىڭ 90 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى قىزىلدا مىللىي ئارمىيەنىڭ 200 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن 4 سائەتتەك سوقۇشقان. گومىنداڭنىڭ كۈچادىن كەلگەن ئارمىيەسى شياڭ چاۋجوڭنىڭ باشچىلىقىدا 200دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بايغا ھۇجۇم قىلىپ 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قايتا ئىگىلىگەن.

ياپون تاجاۋۇزلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشى، «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ۋە تۆت ماددىلىق قوشۇمچە كېلىشىم ئىمزالىنىشى، موڭغۇلىيە ۋە چېگرا رايونلىرىدىكى مەنپەتىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى خالاپ قالدى ھەمدە، جۇڭخۇا مىنگو دىپلوماتلىرىنىڭ كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇش توختىتىپ قويۇش تەكلىپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى مەسلىھەتچىلىرى ئارقىلىق ئۇرۇش توختىتىپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ماناس فرونتى، ئاقسۇ فرونتى، تاشقورغان فرونتىغا ئۇرۇشنى توختىتىش توغرىلىق بۇيرۇق قىلدى،

تىنچلىق سۆھبىتىنى بەك خالاپ كەتمەيدىغان ئېلىخان تۆرىمۇ مەخپىي رەۋىشتە تۈتقۇن قىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئاقسۇ فرونتىدىكى مىللىي ئارمىيە 10- ئاينىڭ 10-، 11- كۈنلىرى قوماندانلىق باش ئىشتابىدىن چېكىنىش توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالدى، گەرچە فرونتتىكىلەر خالىمىسىمۇ ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماي چارىسى يوق ئىدى، ئۇلار ئەسكەرلەرگە ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئېغىر قۇراللىرىنى ئۇچۇق - ئاشكارا ھالدا ئۇلاغلارغا يۈكلەپ سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئىلىغا يولغا سالدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ چېكىنىش توغرىلىق ئاخباراتىنى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى ئىشپىيون، قەشقەرلىك سابىر، كونىشەھەرلىك ھەمراھ ئىسىملىك مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن ئىگىلەپ جاڭ خەنچىگە يەتكۈزگەن[47]، گەرچە ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقى گومىنداڭ ئارمىيەسى ۋە مىللىي ئارمىيەگە ئوخشاشلا بېرىلگەن بولسىمۇ، گومىنداڭ ئارمىيەسى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمگە پەسەنت قىلماستىن ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چېكىنگەن مىللىي ئارمىيەگە سالجىدەك يېپىشىۋېلىپ پۇخادىن چىققۇدەك ئەنتىنى ئالدى. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ فرونتىدا كۆپ تالاپەت تارتىپ، 200 دەك مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ۋە نەچچە يۈز پۇقرانىڭ قۇربان بېرىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ، بۇيرۇق بويىچە چېكىنىپ چىقتى.

**5. ئاقسۇ فرونتى كۈنلۈك خاتىرىسى**

«ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان قىسمى 1945- يىلى 6- ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارادىن بولۇپ جەمئىي 4500 دىن ئارتۇق ئەسكەر، 1500دىن ئارتۇق ئات، 1700 دىن ئارتۇق مىلتىق، 16 مىناميوت، 8 ئېغىر پىلىموت، 60 يېنىك پىلىموت ۋە كالتەك بىلەن قوراللانغان 500دىن ئارتۇق باي ناھىيەلىك كىشىلەر بىلەن باي، ئاقسۇ كوناشەھەر ئارقىلىق ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان.

**7- ئاينىڭ 18- كۈنى** سوپاخۇن سۇۋۇروۋ باشلىغان ئاتلىق ئەترەت جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن غۇلجىدىن تېكەسكە قاراپ يولغا چىققان ھەمدە ئەتىسى تېكەسكە يېتىپ بارغان.

**8- ئاينىڭ 2- كۈنى** سوپاخۇن باشلىغان ئاتلىق ئەترەت 8- ئاينىڭ 2- كۈنى تەگرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتكەن ھەمدە ئەتىسى قىيىردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىرنى ئىگىلىگەن.

**8- ئاينىڭ 8- كۈنى** سوپاخۇن باشلىغان ئاتلىق ئەترەت ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ باي ناھىيە ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، تۆت سائەتلىك كەسكىن سوقۇش بىلەن باي ناھىيەسىنى ئىگىلىگەن. باي ناھىيەسىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ ئوسمان سايىتنى ھاكىملىققا، ياسىننى ساقچى باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇ يەردىكى ئاھالىدىن پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتقان 200 ئادەمنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلغان.

**8- ئاينىڭ ئوتتۇرىسى** گومىنداڭنىڭ ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان ئاتلىق 5- پولكىنىڭ كوماندىرى جاڭ خەنچى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مۇزئارت ۋە ئاقسۇ رايونىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن يىغىن چاقىرغان، يىغىنغا ئاقسۇ ۋالىيسى قوشۇمچە ئاقسۇ ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ قوماندانى چياۋگېن (乔根)، زاپاس پولكىنىڭ كوماندىرى لەي گوگۇاڭ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شاۋبىنلار قاتناشقان ھەمدە كۆچلۈك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مۇزئارتنى ساقلاش، ئوچتۇرپاندىكى چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى (300 كىشى)نى ئاقسۇغا يۆتكەپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىش، زاپاس پولكتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىش، شەھەردىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ شەھەرنى ساقلاشقا قاتناشتۇرۇش، ساقچى ئىدارىسى شەھەر ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇش، سېپىل ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى چېقىپ، ئىستىھكام ياساش ... قارار قىلىنغان.

---

[47] ھۇسەن ئادىل: «ئاقسۇ، يەكەندە بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەردىن ئەسلىمە»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (27)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 334- بەت.

www.uyghurkitap.com

**8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىن 18 ـ كۈنىگىچە 15 ـ** كۈنى سوپاخۇننىڭ ئاتلىق ئەترىتى ئىلگىرى تۈتىشىدىغان مۇزئارت يولىنى ئېچىش ئۈچۈن بايدىن يولغا چىقىپ قورغانغا ھۇجۇم قىلغان. باي ناھىيەسىنى ساقلاشقا ياسىن باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك ئەسكەر قالدۇرغان. سوپاخۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ ئىگەللىيەلمەيۋاتقان ۋاقىتتا، ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسى تۇزئاۋات (盐山口)قا ئەسكەر ئەۋەتكەن. كۇچا ناھىيەسىدىن يولغا چىققان گومىنداڭ قوشۇنى باي ناھىيەسىنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە مۇزئارتتىكى قورغانغا ياردەمگە يۈرۈش قىلغان.

**8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى قىزىلبۇلاق بىلەن ئەسكىشەھەر خارابىسىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلغان. ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى جاۋخەنچى لى شۆجۇننىڭ باشچىلىقىدا پىلىموتچىلار روتىسىنى قىزىلبۇلاققا ئىبەرتىپ، قىزىلبۇلاق ۋە قورغاننى مۇستەھكەم ساقلاشقا ھەرىكەت قىلغان. جاۋ خەنچى شۇ ۋاقىتتا قاۋۇل يىگىتلەرنى تۈتۈپ شەھەر ئىچىگە ئەكىرىپ شەھەرنى قوغداشقا سالغان، ساقچى ئىدارىسى شەھەر ئىچىنىڭ تەرتىپىنى كونترول قىلغان، شەھەر ئەتراپىدىكى قۇرۇلۇشلارنى تۈزلىۋەتكەن.

**8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيەنىڭ ئىككى ئەترىتى (200 دىن ئارتۇقراق ئەسكەر) مۇزداۋان يولىدىكى قورغانغا ھۇجۇم قىلغان. قورغاننى 5 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ 1 ـ روتىسى قوغداۋاتقان ئىدى. قورغانغا ياردەمگە كەلگەن 5 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ 2 ـ روتىسى جام ئەتراپلىرىغا كەلگەندىن كېيىن، تۇزئاۋاتتا مىللىي ئارمىيەنىڭ 200 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ كەسكىن سوقۇش بولغان، 23 ـ چېسلا گومىنداڭ ئارمىيەسى مەغلۇپ بولغان. مىللىي ئارمىيە مۇشۇ سوقۇشتا ئېغىر ـ يېنىك پىلىموتتىن 17نى، مىلتىقتىن 170نى، كىچىك تىپتىكى توپتىن 5نى، يانقورالدىن 20نى، يۈزمىڭ پايدىن ئوشۇق ئوق، 210 ئات غەنىيمەت ئالغان. ئالېكساندر باشچىلىقىدىكى مەلۇم ساندىكى قوشۇن مۇزداۋان ئارقىلىق كېلىپ مىللىي ئارمىيە كۈچەيگەن.

**8 ـ ئاينىڭ 24 ـ ~25 ـ كۈنلىرى** مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەممە ئەسكەرلىرى قورغاندا ئارام ئالدۇرۇلغان ھەمدە تەرتىپكە سېلىنىپ، 3 ئاتلىق روتا، بىر پىلىموت روتىسى قىلىپ قۇرۇلغان، روتا، ئىززۋوت، ئوتدېلىنىيە كوماندىرلىرى سەپلەنگەن. 25 ـ چېسلا سوۋېتلىق مەسلىھەتچىلەر مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا چىقىپ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغان ھەمدە ئەسكەر كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلغان.

**8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** سوپاخۇن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قورغاندىن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلانغان.

**8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى** ئىلىدىن ناسىروپ مىرزىگۈل ۋە ئاسىلخانلار باشلىغان ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ سوپاخۇن قىسمىغا ياردەمگە كەلگەن. بۇ قوشۇن 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باي ناھىيەسىنى قايتىدىن ئىگىلەپ بۇ يەرنى ساقلاشقا ئەسكەر قالدۇرۇپ، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىپ، سوپاخۇن قىسمى بىلەن ئۇچراشتى. 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قۇرغان ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

**8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، قىزىلبۇلاق ۋە قورغان (克络峡)دىن ئاقسۇ كوناشەھەر ۋە ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە يۈرۈش قىلغان.

**9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنى قايتا ئىگىللىگەن.

**9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى** ئىلىدىن 400 كىشىلىك قوشۇن ياردەمگە كەلگەن، مىللىي ئارمىيە جامدا بىر تۈركۈم ياشلارنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ مەشقلەندۈرگەن.

**9 ـ ئايدا** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن موڭغۇلكۈرەدە جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق ئىشتابى قۇرغان، ئىسھاقبەگ مونونوۋ جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى بولغان، بۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ بىرىگادىسى (ئىسھاقبېك كوماندىر) موڭغۇلكۈرەدە، ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ بىرىگادىسى كۈنەستە (كوماندىرى نۇربايوف)، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى (كوماندىرى

مەۋلانوف) مۇزئارت داۋىنىدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى شوتىدا (كوماندىرى بايچۇرىن)، ئاتلىق ئەسكەرلەر 21 ـ پولكى (كوماندىرى سىدىق ھاجى) موڭغۇلكۈرەدە تۇرغۇزۇلدى.

**9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىگە ھۇجۇم قىلغان، بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 2 ـ دىۋىزىيە 5 ـ پولكىنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇغا چېكىنىپ ئاقسۇنى قوغداش سېپىگە قوشۇلغان. ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەركىبىدىكى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغان ھەمدە شۇ يۇرتلۇق مۆتىۋەر شېرىپ قارىھاجى ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن.

**9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيەنىڭ 3000 كىشىدىن ئارتۇق قوشۇنى (نۇرغۇن پۇقرانى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان، شۇندىن كېيىن مىناميوت بىلەن توپقا تۇتۇش، شوتا بىلەن سېپىلغا يامىشىش ئۇسۇللىرىدا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇتۇق قازىنالمىغان. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيەگە ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلمىگەنلىك ئاخباراتىغا ئېرىشكەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى، مۇئاۋىن پولك باشلىقى فاڭ چىڭئەننىڭ قوماندانلىقىدا 200دىن ئارتۇق ئادەم تۆندە ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ مىللىي ئارمىيەگە ھۇجۇم قىلغان. گومىنداڭ قوشۇنى مىللىي ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلغان، 7 سائەتلىك كەسكىن سوقۇشتىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراش، ئوق ـ دورا كەمچىل بولۇش، ياردەمچى قوشۇن بولماسلىقتەك شارائىتتا ئاۋۋال مازارلىققا، ئاندىن قورغان (克络峡)غا چېكىنگەن. 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسى گومىنداڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان.

**9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى** ياردەمگە كەلگەن قوشۇن ۋە موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى بولۇپ 1000 كىشىدىن ئارتۇق ئەسكەر ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، ئاسىلخان، ھۇسەن قارىغوجا قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر تاغ زەمبىرىكى، 8 دانە ئېغىر ـ يېنىك مىناميوت بىلەن مۇزداۋان، قىيىر ئارقىلىق ياردەم ساقلاۋاتقان قوشۇن بىلەن قوشۇلغان. 22 ـ كۈنى قورغاندا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيە مۇزداۋان ئارقىلىق ياردەمگە كەلگەنلەر بىلەن بىرلەشكەن ھەمدە ئاقسۇ كوناشەھەرنى قايتا ئىگىلەپ، 23 ـ چېسلادىن باشلاپ ئاقسۇنى قايتىدىن مۇھاسىرىگە ئالغان.

**9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيەدىن 6~7 يۈز كىشى ئاقسۇ كوناشەھەرنى قايتىدىن ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، 23 ـ چېسلا ئاقسۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. مۇشۇ كۈنىسى مىللىي ئارمىيەنىڭ 300 پايدىن ئارتۇق مىناميوت ئوقى ئاقسۇ سېپىلى ئىچىگە چۈشكەن.

**9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى** ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 5 ـ پولكنىڭ كوماندىرى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى جاۋ خەنچى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مەخپىي تېلېگراممىسى تەستىقى بويىچە ئاقسۇ سېپىلىنىڭ غەربىي قوۋۇقىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرگەن، ئىجرا قىلغۇچى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق بىر قىسىم ئىلغار ياشلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئالدىن تەييارلانغان ئورەككە كۆمۈۋەتكەن[48].

**9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ سېپىلىنىڭ شەرقىي، غەربىي قوۋۇقلىرىغا ھۇجۇم قىلغان، لېكىن ئاساسلىق كۈچى شىمالىي قوۋۇققا ھۇجۇم قىلغان.

**9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە ئادەم سانىنى كۆپەيتكەن، ئەسكەر سانى 2000دىن ئارتۇقراق بولۇپ كۆپ بولغاندا 3000 كىشىدىن ئاشقان. بۇ كۈنى ئاقسۇغا چۈشكەن مىناميوت توپى 600 دىن ئاشقان.

**9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە شەرقىي ۋە غەربىي قوۋۇققا ھۇجۇم قىلغان، غەربىي قوۋۇقتا شوتا قويۇپ سېپىلغا ياماشقان ھەمدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن.

---

48 لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ قۇربان بولغان ۋاقتى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا بىردەك، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دەپ قارىلىدۇ، ئەمما بەزى ماتېرىياللاردا بىر نەچچە خىل قاراش بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە خەنزۇچە ماتېرىيالدىكى ۋاقىتنىمۇ ئېلىپ قويدۇم، بۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈش زۆرۈر بولسا كېرەك.

**9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** مىللىي ئارمىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سېپىلنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىن ھۇجۇم قىلغان، جەنۇبىي تەرەپتىن شوتا قويۇپ سېپىلغا ياماشقان، بۇ كۈنى سوقۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ ئىككى تەرەپ زور تالاپەتكە دۇچار بولغان. گومىنداڭنىڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابى ئايروپىلان ئارقىلىق ئاقسۇدا قورشاۋدا قالغان ئارمىيەسىگە 10 نەچچە پاراشوتتا ماددىي ئەشيا ۋە ھەربىي لازىمەتلىك تاشلىغان، 5~6 پاراشوت سېپىل سىرتىغا يەنى كوناشەھەر تەرەپكە چۈشۈپ ئىككى تەرەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ تالاشقان. مىللىي ئارمىيەنىڭ مىناميوتچىلىرى پاراشوت تالىشىشقا كېتىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ مىللىي ئارمىيەنىڭ مىناميوت ۋە ئوق ـ دورىلىرىنى ئولجا ئالغان. ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ مىللىي ئارمىيەگە ھۇجۇم قىلغان، بۇلاردىن بىر بۆلەكنى پولك كوماندىرى جاۋ خەنچى ئۆزى باشلاپ سوقۇش قىلغان، يەنە بىر بولغا پولكنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى فاڭ چىڭئەن قوماندانلىق قىلغان، مىللىي ئارمىيە پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنگەن.

**10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى** ئاقسۇ شەھىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيەسى ئۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان مىللىي ئارمىيەگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان، ئېغىر چىقىم تارتقان مىللىي ئارمىيە شەھەرگە ھۇجۇم قىلماستىن قورشاپ تۇرىدىغان ھالەتكە ئۆتكەن.

**10 ـ ئاينىڭ 10 ـ، 11 ـ كۈنلىرى** مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش ئىشتابىدىن ئاقسۇنى قورشاپ تۇرغان مىللىي ئارمىيەگە، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن 10 كىلومېتىر چېكىنىپ بۇيرۇق كۈتۈش توغرىلىق ئىككى قېتىم تېلېگرامما كەلگەن. تېلېگراممىدا سوۋېتلىق مەسلىھەتچىلەر ھەم سوۋېتتا ئىشلەنگەن قوراللارنى ئاۋۋال چېكىندۈرۈش بۇيرۇق قىلىنغان. 12 ـ چېسلا دېسكوۋ قاتارلىق سوۋېتلىق مەسلىھەتچىلەر ئىلغا قايتقان.

**10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى** يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئالغان مىللىي ئارمىيە چېكىنىشكە باشلىغان، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان ئارمىيەسى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنى ئىگىلىۋالغان. باي ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن كوماندىرى مويدىن غوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۇچادىن كېلىپ ھۇجۇم قىلغان ئاتلىق 4 ـ پولك بىلەن سوقۇشقاچ چېكىنىپ، تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق ئىلىغا قايتتى.

**11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى** سوپاخۇن پولكوۋنىك باشلىغان قوشۇن قورغان ئارقىلىق مۇزارت داۋىنىدىن ئېشىپ موڭغۇلكۈرەگە يېتىپ كەلگەن ھەمدە بۇيرۇق بويىچە تېكەس ئاتلىق 12 ـ پولكى (كېيىن 1 ـ پولكى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

1944 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 599964 كىشى بولۇپ ئۇيغۇرلار 579689، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20268 كىشى ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسى 471686، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 170422، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 83840، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ نوپۇسى 725948 كىشى[49] بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ نوپۇسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭكىدىن ئازراق كۆپ ئىدى. جەنۇبقا چۈشكەن مىللىي ئارمىيە تەسىر كۆرسەتكەن دائىرىدىن ئېيتقاندا، 1944 ـ يىلى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 83569، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 81170 ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ۋاڭ يوگېي ھاكىم ئىدى. 1944 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىدە پىرقە ئارمىيەسى (گومىن بىڭتۇەن) قۇرۇلغان ھەمدە 4 ـ ئۇرۇش رايونى (ئاقسۇ) ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، جاڭ گويەن پولك كوماندىرى بولغان، 1600 كىشلىك بۇ پولك 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تارقىتىۋېتىلگەن. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەلىك مۇھاپىزەت پولكى قۇرۇلغان ھەمدە ھاكىم لۇ خوڭشيوڭ پولك كوماندىرى، مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لياڭ شۇشەن، 19 ـ پولكنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇشلۇق باتالىيون كوماندىرى رېن گۇەنيىڭ قاتارلىقلار قوشۇمچە

[49] يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار لىۋ ۋېيشىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي شىمال مىللەتلىرى لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 917 ـ ~ 919 ـ بەتلىرى)دىن ئېلىندى.

مۇئاۋىن پولك كوماندىرى بولغان، بۇ پولكتا 746 ئادەم بار ئىدى. باي ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 71986 كىشى بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 71360 كىشى، باشقا مىللەت كىشىلىرى 626 نەپەر ئىدى. كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 108862 كىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 107780 كىشى، باشقا مىللەتتىن بولغان قېرىنداشلار 1082 كىشى ئىدى. ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 74032 كىشى بولۇپ ئۇيغۇرلار 70753 كىشى، باشقا قېرىنداش مىللەت ئاھالىسى 3279 كىشى ئىدى. مانا بۇلاردىن قارايدىغان بولساق، گومىنداڭ ئارمىيەسى سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ قۇدرەتلىك گومىنداڭ ئارمىيەسى ئارقا تېرەك بولغانلىقى ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغانلىقى ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 600 مىڭ كىشىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ فرونتىنى ئاچقاندا، ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشى، خاراكتېرى، يۆنىلىشى توغرىسىدىكى تەشۋىقات يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، خەلقنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. گەرچە جەنۇبىي يۆنىلىش ئىستراتېگىيەسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاقسۇ فرونتىدىكى ئۇرۇش كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن بولسىمۇ، يەككە ھالدا ئاقسۇدىكى ئۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مىللىي ئارمىيە مەغلۇپ بولغان. مىللىي ئارمىيە گەرچە باي ۋە كوناشەھەرنى ئىككى قېتىم ئىگىلىگەن بولسىمۇ ئاخىرى تارتتۇرۇپ قويغان. مىللىي ئارمىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب زامانىۋى قوراللار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان شۇ دەۋردە، مىللىي ئارمىيە ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئاز، گومىنداڭ مۇداپىئەسىنىڭ كۈچلۈك، ئۇرۇش سېپىنىڭ كەڭ دائىرىدە بولۇپ قالغانلىقىدىن سىرت يەنە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى، مىللىي ئارمىيەنىڭ ھوشيارلىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئۇرۇش تاكتىكىسى، قوشۇنلار ئارىسىدا ماسلىشىش، ئارقا سەپنىڭ بەك يىراقتا بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر سەۋەبلەردىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ فرونتىدا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ نەچچە يۈز ئەسكىرىنى يوقاتقىنىدەك، ئۆزلىرىمۇ نەچچە يۈز ئەسكەر ۋە پۇقرانى قۇربان قىلغان.

## تۇگەللىمە

«پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسىنى ئىسكەنجىلەپ، ئۇلۇغ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلاشتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا ھەسسە قوشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە يۇقىرى باھا بەرگەن. ماۋ زېدوڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۈچۈن نامىدىن يازغان تېلېگرامما تېكىستىنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالىدا «مىللىي ئارمىيە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نىسبەتەن چېنىققان ئارمىيەسى، ئۆتكەن نەچچە يىلدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكىتى داۋامىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىسكەنجىلەپ تۇردى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىنقىلابىغا خېلى ئوبدان ماسلىشىش رولىنى ئوينىدى، دەپ قارايمىز» دەپ يازغان. ماۋ زېدوڭ يەنە: «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە»[50] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا ئاتلاندى.

ج ك پ ئەينى ۋاقىتتىكى پىلانى بويىچە شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئىشنى 1950 - يىلى باھار پەسلىگە پىلانلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مىللىي ئارمىيەنى كونترول

---

[50] جۇ پېيمىن: «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب تارىخى (1933 - 1957)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 256 - بەت. بۇلار 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى «مەركەزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا پېڭ دېخۇەيگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» ۋە 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ئەسئەت ئىسھاقوفنىڭ شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىغا جاۋاب»تىكى مەزمۇنلاردىن.

قىلىپ تۇرسىمۇ، ملىتارىست مابۇفاڭ قىسىملىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىرلار بىلەن بىرلىشىپ ياكى ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتى شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرگە يامان تەسىر كۆرسىتىشىدىن خەۋپسىرەپ كەلگەچكە، ج ك پ نىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ھاۋا ئارمىيە پولكىدىن ئىككىنى ئەۋەتىپ، **40** ئايروپىلاندا خەلق ئازادلىق ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭغا توشۇغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارقىلىق غۇلجىدىن **40** ماشىنا ئاجرىتىپ ئازادلىق ئارمىيە ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ۋە جيۇچۈەنگە **200** توننا بېنزىن، **20** توننا ئاپتول توشۇغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمدەم بولۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. **1949** ـ يىلى **9** ـ ئاينىڭ **28** ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ **1** ـ دالا ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بۇيرۇق قىلىنغان، جۈملىدىن **6** ـ كورپۇسىنىڭ قۇمۇل، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى ۋە ئىلى ئاپتونوم رايونىنى ئازاد قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇلاشتۇرۇشىنى؛ **2** ـ كورپۇسىنىڭ شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەرگە يۈرۈش قىلىشى بۇيرۇق قىلىنغان.[51]

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىدىن بىرى شىنجاڭنىڭ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە تەرەپنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىپ، سوتسىيالىستىك سوۋېتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ زەرەرگە ئۇچرىشى ئىدى، شۇڭا **1946** ـ يىلى **3** ـ ئاينىڭ **18** ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېترونوف بىلەن گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ سۆھبىتىدە جاڭ جىجوڭ، «جۇڭگو شىنجاڭدا، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كونسۇللۇق دەرىجىسىدىن ھالقىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە يول قويمايدۇ»[52]، دەپ ۋەدە بەرگەن.

**1949** ـ يىلى **6** ـ ئاينىڭ **27** ـ كۈنى ئىستالىن ج ك پ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ج ك پ غا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان، شۇ مۇزاكىرىدە شىنجاڭ مەسىلىسىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئىستالىن، «شىنجاڭنى ئىگىلەش ۋاقتىنى كەينىگە سوزماسلىق كېرەك، كەينىگە سۈرۈلسە ئەنگلىيەلىكلەر شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، مۇسۇلمانلار يەنى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىدىن تارتىپ جانلىنىپ داۋاملىق كومپارتىيەگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى شىنجاڭنىڭ مول نېفت زاپىسى ۋە پاختىسى بار، جۇڭگو بۇنىڭغا جىددىي ئېھتىياجلىق. خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخى **5%**دىن ئاشقىنى يوق، شىنجاڭ ئىگىلەنگەندىن كېيىن بۇ نىسبەتنى **30%**تىن يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. خەنزۇ ئاھالىلىرىنى كۆچۈرۈش ئۇسۇلىدا بىپايان باي رايوننى ھەممە جەھەتتىن ئېچىش ھەمدە جۇڭگو چېگرا رايونىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئومۇمەن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشتە خەنزۇ ئاھالىلىرىنى چېگرا رايونلارغا ئولتۇراقلاشتۇرۇش كېرەك. سىلەر ما بۇفاڭنىڭ كۈچىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋېتىپسىلەر. ما بۇفاڭنىڭ قىسىملىرى ئاساسلىقى ئاتلىق ئەسكەرلەر، زەمبىرەك بولغان ئەھۋال ئاستىدا ناھايىتى ئاسانلا يوقاتقىلى بولىدۇ. ئەگەر سىلەر قوشۇلساڭلار، بىز **40** كۈرەشچى ئايروپىلان بىلەن تەمىنلەيمىز، بۇ كۈرەشچى ئايروپىلانلار بۇ ئاتلىق قىسىمنى ناھايىتى تېز ھەم ئاسانلا يوقىتىۋېتىدۇ»[53]، دېگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گومىنداڭ ئارمىيەسىنى ئىسكەنجىلەپ تۇرۇشى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە ياردىمى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا

---

51 يۇقىرىقى ئەسەر، 279 ـ بەت.

52 شېن جىخۇا تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «رۇسىيەنىڭ ئاشكارىلانغان ئارخىپلىرى: شىنجاڭ مەسىلىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2013 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 250 ـ بەت.

53 يۇقىرىقى ئەسەر، 324 ـ بەت.

كىرىپ ھەر مىللەت خەلقىنى بالدۇرراق ئازاد ئازادلىق ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ بەختىيار قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بالدۇر باشلاندى.

## پايدىلانمىلار


ئاقسۇ شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن: «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، شىنخۇا نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى

ئونسۇ ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن: «ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باي ناھىيەلىك كومىتېتى: «باي تارىخى ماتېرىياللىرى (1)»، 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ساۋدانوف زاھىر: «5 ـ كورپۇسىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى

سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى (2)»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى(3)» (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

توختى ئىبراھىم: «مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.


(ئاپتور چاقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتىدە)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

# بىر پارچە تارىخىي سۈرەت ھەققىدىكى قاراشلىرىم

ئابدۇۋەلى مۇقىيت

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇقاۋا 3 ـ بېتىگە بېرىلگەن تارىخىي سۈرەتنىڭ تارتىلغىنىغا يېرىم ئەسىر بوپتۇ. ئەلۋەتتە، تارىخ نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ ھېچقانچە ۋاقىت ئەمەس. لېكىن ئىنساننىڭ ھاياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ قىسقا ۋاقىت ئەمەس. مۇبادا بىر ئەۋلات ئۆچۈن 25 يىل ۋاقىت كېتىدۇ دېيىلسە، ئالتە ئەۋلات ياشاپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن بىر جەريان... شۇ سەۋەبلىك بۇ سۈرەت ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

بۇ فوتو سۈرەت مەسۇمجان زۇلپىقاروف ئاكىنىڭ ئارخىپىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ماشىنكىدا «ئەلاخان سۇلتان ئائىلىسىدىكىلەر ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە. غۇلجا. 1871 ـ يىل» دېگەن رۇس يېزىقىدا يېزىلغان بىر باغاقچە چاپلانغان.

ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلا ئىبراھىم ئوغلى 1871 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رۇسىيە دائىرىلىرىگە تەسلىم بولدى. رۇسىيە دائىرىلىرى سۇلتاننىڭ داۋاملىق ئىلىدا تۇرۇشىنى ئۇزىنىڭ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىگە پايدىسىز دەپ قاراپ، 1871 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋېرنىغا (ئالمۇتا) مەجبۇرى تۇتقۇن سۈپىتىدە ئېلىپ كەتتى. سۇلتان بۇ ۋاقىتتا 53 ياشتا ئىدى.

يۇقىرىدا دېيىلگەن باغاقچىدىكى ۋاقىت ۋە ئورۇننى توغرا دەپ قارىغاندا، بۇ سۈرەت سۇلتاننى ۋېرنىغا ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا تارتىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ سۈرەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىرنەچچە نۇقتا بار.

1. سۈرەتتىكى ئولتۇرۇش تەرتىپى توغرا ئەمەس. سۇلتان ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى ئولتۇرىدىغان سۈرەت مەركىزىدىكى ئورۇنغا موللا سۈپەت بىر ياش كىشى بىلەن سۇلتاننىڭ كىچىك خانىشى سۇخا (مىللىتى شىبە) ئولتۇرغان.

2. سۈرەتتە ئائىلە ئەزالىرى تولۇق ئەمەس. مەسىلەن سۇلتاننىڭ خانىشى مەريەم يوق.

3. سۇلتاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان پالۋان سۈپەت كىشىنىڭ بېلىدىكى ئاق پوتا ۋە ئالدىنقى رەتتە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى قىزچاقنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىققا قارىغاندا سۇلتان ئائىلىسىدە يېقىندا ئۆلۈم بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4. سۈرەتتىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، سۈرەتكە مەجبۇرى تارتىلىۋاتقاندەك بىر خىل نارازىلىق كەيپىياتىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

5. بۇ سۈرەتتىكى سۇلتاننىڭ ئوغلى كېۋىربەگنىڭ كىيىنىشى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدۇ. ئۇنىڭ كىيگەن كىيىملىرى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالەمشۇمۇل چوڭ ئۆزگىرىش. ئۇنىڭ بۇنداق ياۋروپاچە كىيىنىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ قوبۇل قىلغان مائارىپ تەربىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېنىق.

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ سۈرەتنىڭ 1871 ـ يىلى غۇلجىدا تارتىلغان دېگەن ئۇچۇرى مېنىڭ گۇمانىمنى قوزغىدى. چۈنكى ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە ئىلىدا ئۇنداق مائارىپ شارائىتى يوق ئىدى. سۇلتان ۋېرنىغا بارغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى كېۋىربەگ ئالاھىدىرەك ئوقۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ قاراشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىساق مەزكۇر سۈرەت سۇلتان 1875 ـ يىلى تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورى كائۇفماننىڭ ئىجازىتى بىلەن غۇلجىدىكى ئانىسى زەينەپخاننى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى ھەپتىلىك مۆھلەت بىلەن غۇلجىغا مېڭىشتىن بۇرۇن تارتىلغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا سۈرەت ئاستىغا مۇنداق يېزىلىشى كېرەك:

«ئەلاخان سۇلتان بىر قىسىم ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە. ۋېرنى. 1875 ـ يىل»

(ئاپتور غۇلجا شەھەر روشەن كوچا 153 ـ قورۇدا)



阿吾提努尔




ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلاخان ئىبراھىم بىر قىسىم ئائىلە ئەزالىرى ۋە مۇلازىملىرى بىلەن بىللە. 1871 - يىل. غۇلجا.
سۈرەتتە: سولدىن 2. سۇلتان ئوبۇل ئەلاخان. 4. سۇلتاننىڭ كىچىك خانىشى سۇخا (شىبە). 5. سۇلتاننىڭ ئوغلى كېۋرىبەگ.
سۈرەت مەسۇمجان زۇلپىقاروف ئارخىپىدا ساقلانغان. ئابدۇۋەلى مۇقىيت تەمىنلىگەن.

# ئىلى دەرياسى بويىدا نورۇز تەنتەنىسى











